
مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى



# سۇخوملىنسكىي مۇنداق دەيدۇ

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھېكايىلىرى

# سۇخوملىنسكىي مۇنداق دەيدۇ

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

苏霍姆林斯基语集:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(哲人之言丛书)
ISBN 978—7—80744—443—5

Ⅰ.苏... Ⅱ.阿... Ⅲ.苏霍姆林斯基(1918～1970)—语录—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K835.125.46

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 132713 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 哲人之言丛书 |
| 本册书名 | 苏霍姆林斯基语集 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编著 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 特约编辑 | 哈斯亚提·依不拉音 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮编 | 830000 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880mm×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978—7—80744—443—5 |
| 定价 | 9.90 元 |

（书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系）

# تۈزگۈچىدىن

ۋ.ئا. سۇخوملىنىسكىي (1918 ـ 1970) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق مائارىپ ئەمەلىيەتچىسى ھەم مائارىپ نەزەرىيىچىسى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا قىرىق پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، ئالتە يۈز پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە، مىڭدىن كۆپرەك بالىلار چۆچىكى ـ ھېكايە يېزىپ، كىشىلەرگە ئىنتايىن كۆپ مائارىپ مىراسلىرىنى قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيا بويىچە ئوتتۇز خىلدىن كۆپرەك يېزىقتا تونۇشتۇرۇلدى ھەم نەشر قىلىندى. «ئوغلۇمغا يېزىلغان خەتلەر»، «بارلىقىمنى بالىلارغا بېغىشلايمەن»، «ئوقۇتقۇچىلار دەستۇرى» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە، پۈتكۈل بالىلارغا ھاياتلىق ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئەسەرلەر ھەم بالىلارنىڭ، ھەم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقىغا ئايلانغان. خەلقىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە دائىر ھېكمەتلەر خەزىنىسىگە ئازراق بولسىمۇ تۆھپە قوشۇش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى تاللاپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، ئۇنىڭ ئىلغار قاراشلىرى ھەر بىر تەلىم ـ تەربىيىچى ئۈچۈن ئۈلگىلىك رول ئوينايدۇ.

## 1

يېقىن كىشىلىرىنى سېغىنىشتەك مۇنداق ھېسسىيات سەل كېيىنرەك، سەندە تۇرمۇشقا نىسبەتەن تەدرىجىي بەزى تونۇشلار بولغاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

## 2

بىزنىڭ تۇپ ئاساسىمىز — ئەمگەكچى خەلق، يەر ۋە مۇقەددەس ئاشلىق. ئۆزىنىڭ ھەتتاكى يالىت قىلىپ كەچكەن بىرەر ئوي– پىكرىدە، بىرەر جۈملە سۆزىدە ۋە بىرەر ھەرىكىتىدە بولسىمۇ، ئاشلىق ۋە يەرنى، بىزنى تەربىيىلىگەن خەلقنى مەنسىتمىگەن كىشىلەر لەنەت – نەپرەتكە ئۇچرىشى كېرەك.

## 3

بىزنىڭ تىلىمىزدا مىڭلىغان – ئون مىڭلىغان سۆز – ئىبارە بار. لېكىن، بىرىنچى ئورۇندا قويۇشقا تېگىشلىكى، مېنىڭچە ئۈچ سۆز: ئاشلىق، ئەمگەك، خەلق. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئۈچ غول تۈۋرۈك. ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيىتى. ھالبۇكى، بۇ بىرنەچچە غول تۈۋرۈك شۇنچە پۇختا جىپسىلىشىپ كەتكەنكى، ئۇنى ھەم ئۈزۈپ تاشلىغىلى بولمايدۇ، ھەم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاجرىتىۋەتكىلى بولمايدۇ. ناۋادا، كىمكى ئاشلىق بىلەن خەلقنىڭ مەنىسىنى بىلەلمەيدىكەن، ئۇ خەلقنىڭ پەرزەنتىمۇ بولالمايدۇ.

4

كىمكى خەلقنىڭ ئىسىل مەنىۋى پەزىلەتىنى يوقىتىپ قويىدىكەن، ئۇ كوللېكتىپتىن ئايرىلغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ، ھۆرمەتلەشكە ئەرزىمەيدۇ، خاراكتېرسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

5

كىمكى ئەمگەك، تەر، ھېرىش ــ چارچاشنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن، ئۇ ئاشلىقنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ.

6

كىشىلەر جىددىي بولمىسا، تىرىشمىسا، تەر ئاققۇزۇشنى ۋە ھېرىپ ــ چارچاشنى ئويلىمىسا، تەقەززالىق ۋە ئەنسىزلىكنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىسە، ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

7

كوممۇنىزمغا بارغاندىمۇ قول قاپىرىدۇ، ئۇيقۇسىز كېچىلەر بولىدۇ. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىم نەرسە شۇكى، كىشىلەر مەڭگۈ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ــ پاراستىگە،

ۋىجدانىغا، كىشىلىك غۇرۇرىغا تايىنىپ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

## 8

كىشىلەر مەڭگۈ ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق، تىرىشچانلىق ئەمگىكىگە تايىنىپ يېمەك ــ ئىچمەككە ئىگە بولىدۇ. ئېتىز ــ داللار مەڭگۈ ئالدىراشلىق تۇس ئالىدۇ، چارۋىلار ۋە يۇمران بۇغداي مايسىلىرى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىنىدۇ. يەرلەر بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق بېرىدۇ، كىشىلەرنىڭ مۇنداق ئارزۇ ــ ئىستەكلىرى ئەبەدىي، چەكسىز بولىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئوزۇق ــ تۈلۈك ئۇلى مەڭگۈ مۇشۇ ئاساسقا تۇرغۇزۇلىدۇ.

## 9

كۈرەكمۇ بىر خىل قورال، ئۇنىڭ بىلەن نى ــ نى ماھارەتلەرنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

## 10

ھەربىر ئادەم كىشىلەرگە ئازراق بولسىمۇ ئىش قىلىپ بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇ.

## 11

ھەربىر سەمىمىي ئادەم ئۆزى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن بۇغداي باشقىدا ئۆزىنىڭ بىر تامچە يۈرەك قېنىنى قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## 12

ئەڭ دەسلەپ چاقنىغان نىيەت ئادەتتە ئەڭ پاك بولىدۇ.

## 13

ئۆز ۋىجدانىنىڭ ساداسىنى بېسىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش، ناۋادا سەن مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن قىلچە كارى بولماسلىق ئادىتىنى يوقىتوۋالساڭ، ئۇ ھالدا ناھايىتى تېزلا ھەرقانداق ئىشقا نىسبەتەن پەرۋايىم پەلەك، دەپ يۈرۈۋېرىدىغان بولۇپ قالىسەن.

## 14

ئۆز ۋىجدانىڭغا خىلاپ كېلىدىغان ئىشنى قىلما. شۇ چاغدىلا خاراكتېرىڭنى چېنىقتۇرۇپ چىقالايسەن.

## 15

ئادەمدە ئېتىقاد بولمىسا، توخۇ يۈرەك، قەدىرسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

## 16

دەرۋەقە، سەن قەتئىي ئىشەنچ تىكلىگەنىكەنسەن، سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا رەزىل قىلمىشلار سادىر بولغاندا، ۋىجدانىڭ قايناپ سۇن، رەزىللىك بىلەن كۈرەش قىلغىن، ھەقىقەتنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىن!

## 17

خەلقنىڭ خوجايىنلىق ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىش كېرەك! مەن رەزىل قىلمىشلار ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ كارى بولمايدىغانلىقىغا، يېتەرسىزلىكلەر ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن... بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

## 18

ھازىر مەنئۇۋى تەرەققىيات پەلەمپىيىدە سەن شۇنداق بىر تەكچىگە چىقتىڭكى، پەقەت ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرنىڭ نېمە قىلىپ ۋە قانداق قىلىپ يۈرگىنىگە قاراپ تۇرىدىغان ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆزۈڭ قارار قىلىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى.

## 19

ئەدىبىيلىك، ئەدىبە — بۇلار ئۇلۇغ، مۇقەددەس سۆزلەر. مەيلى كىم بولمىسۇن، مەيلى ئۇ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسۇن، ئىنسانىيەت ئەدىبىيسىدىكى گۈزەللىكنى چاكىنىلاشتۇرۇشقا، بۇ پاك ھەم سەلتەنەتلىك سۆزنى مىشچانلارنىڭ مەنمەنلىكى ۋە پەرۋاسىزلىقى، چاكىنىلارنىڭ مەسخىرىسى بىلەن بۇلغاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ ئادەم ئۆزىنى بۇلغىغان بولىدۇ. ئەدىبىيلىك — ھەقىقىي ئىنسان تەبىئىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



20

بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئەدىبە بولمايدىكەن، ئۇ ھايۋاناتقا يېقىنلىشىشقا باشلايدۇ، بىكار تەلەپكە ئايلىنىدۇ، خالاس.

21

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كىشىلەر ئۆز غايىسى ئۈچۈن ھايات ــ ماماتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ.

22

غايە كىشىلەرنى باتۇر ھەم ھېچنېمىدىن قورقماس قىلىدۇ.

23

ئەگەر دۆلىتىمىزدىكى ئوغۇل ــ قىزلارنىڭ ھەممىسى تولۇپ ــ تاشقان يۈكسەك غايە بىلەن ياشىسا، غايە ھەربىر ئادەمنىڭ ۋىجدانىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولسا، ئۇنداقتا جەمئىيىتىمىز شەك ــ شۈبھىسىزكى، ئەدىبە، ئەخلاق، مەنىۋى جەھەتلەردىن يۈكسەك گۈزەل دۇنيا بولۇپ قالاتتى.

24

ئەڭ مۈشكۈل بىر ئىش — مەن، سەن ۋە سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممىمىز ئىشلەشكە

تېگىشلىك بىر ئىش بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئۇ بولسىمۇ، كىشىلەرنى يۈكسەك كوممۇنىستىك ئىدىيە ئارقىلىق تەربىيىلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

## 25

كوممۇنىستىك ئىدىيە دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىدىن گۈزەل.

## 26

بەزىلەر ئىدىيە، ئىدىيىۋىلىك دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى مەسخىرە قىلىدىكەن، قەھرىمانلىق ۋە ئىدىيىنى شەخسىي نام – مەنپەئەت ئۈچۈن، دەپ قارايدىكەن. مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى مەن تازا ئوبدان بىلىمەن. مۇنداق كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ئىنتايىن مەنىسىز بولىدۇ: ئۇلار يۈكسەك مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار يۈكسەك ئىدىيىگە ئىگە بولۇش ئىدىيىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە (مۇنداق قاراش ھەرگىزمۇ بۈگۈنلا پەيدا بولغان ئەمەس، ئۇ ناھايىتى ئۇزاقتىن بۇيان بىر تارىخىي دەۋردىن يەنە بىر تارىخىي دەۋرگە ئۆتۈشۈپ كەلمەكتە)، بىر ئادەم ئىدىيىدىن مەھرۇم بولغان ھامان، خاراكتېرلىك ئىنسان سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، بىكار تەلەپ نان قېپىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ نېمە دېگەن بىچارىلىك ھەم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئىپچىنىشلىق!

27

ئىنسان ئىدىيىگە تايىنىپلا ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە ئىرىشەلەيدۇ، ئىجادچانلىقتا ئەگە بولالايدۇ. مەلۇم ئىش يولىدا پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ھەقىقىي جەڭچى بولالايدۇ. ئادەمدە ئىدىيە بولمىسا بولمايدۇ، ئادەم تولۇق يۈكسەك غايىنىڭ غايەت زور كۈچى بولۇشى كېرەك.

28

ئىدىيىنى قەدىرلەيدىغان كىشى مۇقەررەر ھالدا ئۆز غۇرۇرىنى قەدىرلەيدۇ.

29

بىزنىڭ غايىمىزدىكى ئۇلۇغ ھەقىقەت سىنىڭ قەلبىڭ بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ.

30

كىشىلىك ھايات ھەمىشە ئوڭۇشلۇق ۋە كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك گۈزەل بولۇۋەرمەيدۇ.

31

ئىدىيىۋىلىك كەمچىل بولىدىكەن، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ياسالما بولۇپ قالىدۇ.

## 32

گەپ رەزىللىكنى كۆرۈش ۋە داۋراڭ سېلىشتا ئەمەس، بەلكى بۇ رەزىللىكنى تىزگىنلەشتە.

## 33

مەن ئىشىنىمەنكى، سېنىڭ هاياتلىق يولۇڭدا بەزىدە ئەخلەت — چاۋارلار ئۇچرىشى مۇمكىن، بۇلار سېنى مەيۇسلەندۇرەلمەيدۇ، ئۇمىدسىزلەندۇرەلمەيدۇ، سېنىڭ پاك ئىشەنچىڭنى تېخىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ، پاكلىق جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ. بىراق، بۇ غەلىبىنىڭ مەنبەسى خەلقتىن كېلىدۇ، ئۆزىمىزدىن كېلىدۇ.

## 34

ئادەمنى چۈشىنىش — شۇنداقلا ئۆزۈڭنى يېڭىۋاشتىن چۈشىنىشتۇر.

## 35

غايىلىك شەخسلەر، بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىككى قارىمۇقارشى تەرەپكە بۆلۈنگەن ۋاقىتتا، يەنى بىر تەرىپى ياخشىلىق، بىر تەرىپى رەزىللىك بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ مۇھىتتا نېمىنى هىمايە قىلىش، نېمىگە قارشى تۇرۇش، نېمىنى ياخشى كۆرۈش، نېمىنى يامان كۆرۈش روشەن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئويغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## 36

غايىنى ئۆلچەيدىغان سىنتاش — كىشىنىڭ قىزغىنلىقى، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىرادىسىدىن ئىبارەت.

## 37

قەھرىمان شەخسلەر بىزنىڭ ئارىمىزدا، مىليونلىغان «ئاددىي» ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا.

## 38

ئادەم ھەقىقەتەن قالتىس نەرسە.

## 39

كوممۇنىزم ھەرگىزمۇ خاراكتېرسىز كىشىلەرنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان، قول يەتمەيدىغان، چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. كوممۇنىزم — ئىنسانلار ئارىسىدا مەۋجۇت، ئىنسانلارنىڭ بەخت ــ سائادىتى ئىچىدە مەۋجۇت. كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ ئۆزى — ھەربىر كىشىگە، ھەربىر ئائىلىگە بەخت يارىتىش دېمەكتۇر. ھالبۇكى، بەخت ــ سائادەتلىك جەمئىيەت بولمىسا، بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ماددىي پاراۋانلىق ۋە مەنىۋى پاراۋانلىق بولمىسا، قانداقتۇر بەخت ــ سائادەتتىن سۆز ئېچىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ

بولمايدۇ.

## 40

غايىلىك ئادەم ئەۋلىيا ئەمەس، «يالتىراپلا تۇرىدىغان» زەررىچە نۇقسان تېپىلمايدىغان پاك ـ پاكىز ئادەم ئەمەس.

## 41

غايىۋى شەيئى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت. ئۆز ئەتراپىڭغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سېلىپ باقساڭ، كىشىلەرنى كۆزىتىپ باقساڭ، يۈزەكى ھادىسىلەرگىلا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرسەڭلا، ئاشۇنداق غايىۋى شەيئىلەرنى كۆرەلەيسەن.

## 42

ناۋادا، بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا يول كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق يۇلتۇز ـــ غايە كەم بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى گىرىمسەن، مەنىسىز بولىدۇ.

## 43

ئادەمنىڭ ئىرادىسى باشقىلار تەرىپىدىن تېڭىلمايدۇ.

## 44

ئىرادە — تالانتنىڭ بىخى، ئۇ ئەمگەكنى قىزغىن سۆيگەن بىر جۈپ قولنىڭ پەرۋىشى ئارقىلىق مۇنبەت تۇپراقتا مەزمۇت دەرەخ بولۇپ يېتىلىدۇ. كىمكى ئەمگەكنى

www.uyghurkitap.com
ئويغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى



قىزغىن سۆيمىسە، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىمىسە، ئىرادىدىن ئىبارەت بۇ بىخ يىلتىزىدىن قۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## 45

ھەربىر كىشى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆز ئىرادىسىنى بېكىتىش، كەسپىنى ياخشى تاللاش، بۇ — بەخت ــ سائادەتنىڭ بۇلىقى.

## 46

كۆپ ھاللاردا ئىش كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ.

## 47

تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ لەززەت نېمە؟ مېنىڭچە، مۇنداق لەززەت سەنئەتكە ئوخشىشىپراق كېتىدىغان ئىجادىي ئەمگەكتە، ئۇستۇن ماھارەتتە. ئەگەر بىر كىشى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمگەكنى قىزغىن سۆيسە، جەزمەن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمگەك جەريانى ۋە ئەمگەك مېۋىسىنى گۈزەللىككە تولغان نەرسە قىلىپ چىقىدۇ.

## 48

تۇرمۇشنىڭ ئۇلۇغ بەخت ــ سائادىتى ئەمگەكتە بولىدۇ.

## 49

نېمىنىڭ گۈزەللىك ئەمگەكنى ئىكەنلىكىنى

بىلىۋېلىشلا ھەقىقىي ئەمگەكتۇر.

## 50

ھەربىر كىشى ئۆز قەلبىدىكى «ئۇچقۇن»نى يالقۇنلىتىشى كېرەك، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي ئادەمنى يېتىشتۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

## 51

ئىنسان ئەقلىنىڭ ئىجادكارى بولغان مائارىپچىلار ئىشتىياق ھەۋىسىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ، لېكىن كىشىنىڭ زېھنىمۇ رول ئوينايدۇ.

## 52

جون سېباستىيان باخ جەمەتىدە ئەللىك سەككىز مۇزىكانت بولغان. ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى، بوۋىسى، دادىسى مۇزىكانت ئىدى... ھەتتا ئوغۇل ئۆيلەش، قىز چىقىرىش ئىشلىرىمۇ ئۆز جەمەتى ئىچىدە بولاتتى. بالا تۇغۇلۇش بىلەنلا ئۇنىڭ كېيىنكى كەسپى بېكىتىلەتتى. ئۇ بالا يا كومپوزىتور بولاتتى، يا ئاتاقلىق ناخشىچى بولاتتى. كىشىلەرگە مەلۇمكى، تەخمىنەن سەكسەن پىرسەنت باللارنىڭ كومپوزىتور بولۇش ئىمكانىيىتى بار، لېكىن، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاز ساندىكى باللارلا كومپوزىتور بولۇپ يېتىلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن باخ ئائىلىسىدىن ئەللىك سەككىز نەپەر داڭلىق مۇزىكانت يېتىلىپ چىقىدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئىرادىسىنى ئۆزلىرى يېتىلدۈرگەن. بۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئائىلىدە بالىلار ئۆز تۇرمۇشىدا تۇنجى قېتىم ئىگە بولغان تەسىر — مۇزىكا؛ ئەتراپتىكى مۇھىتتا ئۇلار ئالدى بىلەن ھېس قىلغان گۈزەللىك مۇزىكىنىڭ رىتىمى؛ ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئادەمنىڭ ئىپتىخارى ئالدى بىلەن مۇزىكىنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇش ۋە مۇزىكا ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

## 53

ئىنسان — ئۆز ئىرادىسىنىڭ خوجايىنى.

## 54

بىر ئادەم ئۆز قەلبىنى ئاتىغان ئىشلارغا ئىشتىياق باغلاشقا ھەقلىق.

## 55

ھەۋەسنى ئۆز ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، نەچچە ھەسسە ئەمگەك سەرپ قىلىش كېرەك. كۆپەيتكۈچى كۆپەيگۈچىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولغاندىلا، يېتەرلىك كۆپەيتمىگە ئىگە بولىمىز.

## 56

كىشىلەر يانداش پەنلەر ساھەسىدىن دائىم يېڭىلىقنى بايقايدۇ، ئۇ يەردە تېخى ئىزدەنمىگەن نۇرغۇن شەيئىلەر بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگىن.

## 57

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پاكىت ۋە يەكۈننى چوڭقۇر چۈشىنىشى ھەم ئىگىلىۋېلىشى كېرەك، پەقەت بېرىلىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق چۈشەنگەن نەرسىنىلا خاتىرە دەپتەرگە يېزىش كېرەك. ئىلمىي ماقالە ياكى دەرسلىكنى ئەينەن كۆچۈرۈۋالماي، پەقەت ھەزىم قىلغان نەرسىلەرنى خاتىرىلەپ قويسىلا كۇپايە.

## 58

ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ ئادەتتىكى نەتىجە بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىغىن، تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلەپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشقىن. بۇ، ئىرادىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى. بىرىنچى قېتىمدا مەغلۇپ بولساڭ، قايتىدىن يەنە ئىشلىگىن. ئەڭ ئاددىي يىرىك ئىشلارغا ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك.

## 59

ھازىر مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ تۇغما قابىلىيىتى تەرەققىي قىلمايۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ داڭلىق ئالىم، شائىر، كومپوزىتور بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## 60

مەن مائارىپ خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئادەمنى بىلىش. مەن ئۆز خىزمىتىمدە ئالدى بىلەن ئادەملەرنى تونۇيمەن، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كۆزىتىمەن.

## 61

ئەگەر ماھىرلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنسا، ماھىرلىق بىلەن پەرۋىش قىلىنسا، ئادەمنى ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ چىققىلى بولىدۇ.

## 62

مائارىپ سەنئىتىنىڭ ماھارىتى — ئىنسانىيەتنىڭ پۈتمەس – تۈگىمەس مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتىشتە.

## 63

ئىنسان ئۆز ئىرادىسىنىڭ ئىجادچىسى. ئادىمى ئەمگەككە تايانغاندىلا ئەقىل – پاراسەت، ئىجادىيەت ۋە ئىلىم – پەن يولىغا قەدەم تاشلىيالايدۇ.

## 64

ئىرادە بېكىتىش شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، ئىستىبداتلىق بولۇش ۋە ئىجادكار بولۇش كېرەك. تەييار

فورمۇلىلارغا، تېئورېمىلارغا ئېسىلىۋالماسلىق، بۇ خىزمەتنى ياقتۇرامدىم، ياقتۇرمامدىم دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئويلاپ يۈرمەسلىك كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، بىركىشى ئۆز زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقان خىزمەتنى ياخشى كۆرۈشى كېرەك.

## 65

ئەڭ «پاسكىنا» ئەمگەكلەرنى پەس كۆرمىگىن، چۈنكى ئىجادىيەت پائالىيىتى دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

## 66

ھەقىقەت ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، مۇرەككەپ، بەزىدە كىشىلەرنى ئاسانلا خاتالاشتۇرۇپ قويىدىغان بىر ئۇقۇم. ئابستراكت ۋە ياكى يۈزەكى ھەقىقەت بولمايدۇ. ئىنسانلارغا بەخت يارىتىدىغان ھەقىقەتلا بىردىنبىر ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ.

## 67

ھەقىقەت كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچرىتىدىغان ھەننىۋا شەيئىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت. ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولساق، شەيئىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

## 68

ئىنسانىيەتنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش ئۈچۈن ھەقىقەت ئىزدەش مۇشەققەتلىك ئەمگەك.

## 69

ئەمگەك ھەممىنى ياراتقان، بىراق ئەمگەك ئىنساننىڭ ئىلكىدە، ئەمگەك بىلەن ئادەم ئەڭ مۇھىم نەرسە.

## 70

ئوقۇغۇچىلارنى ئىجادىيەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ھېسسىيات، ئىدىيە، ئېتىقادىنى — ئۆزىنىڭ قەلبىنى بالىلارنىڭ قەلبىگە ئۇزاق يىللار سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 71

ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە ئالاھىدە مۇھىم بىر مەسىلە، ھەقىقەتنى قانداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا كىرگۈزۈش ھەمدە بىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىپ ھەقىقەت دۇنياسىغا كىرىشىدىن ئىبارەت.

## 72

كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىر خىل ئىدىيە مېنى ھەر دائىم ھاياجانلاندۇرىدۇ: ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدىكى ئەڭ يۈكسەك ھەقىقەتنى ئىگىلىۋالسا. بىزنىڭ تەربىيىمىز ئاندىن ئىسمى – جىسمىغا لايىق

تەربىيە بولىدۇ.

## 73

ئەمگەك — ئەڭ ئۇلۇغ گۈزەللىكتۇر، شۇنداقلا ئەڭ مۇشەققەتلىك ئىشتۇر. مۇشۇ ھەقىقەتنى بىلىش مائارىپنىڭ سىرلىرىدىن بىرى.

## 74

ئىنساننىڭ ئۆمۈر بويى قەدىرلەيدىغان نەرسىسى دەل ئۇنىڭ ئەڭ زور ئەجىر سىڭدۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىسىدۇر.

## 75

پەقەت ئەمگەك ئارقىلىقلا گۈزەلگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 76

كوممۇنىستىك ئەمگەك ئېھتىياجى، ئەمگەككە قارىتا كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئىنتىلىش كىشىلەرنىڭ مەنىۋى نەزەر دائىرىسىنىڭ يۇكسەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

## 77

ئادەم جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئەمگەك قىلمىسا، ئۆزىنىڭ ياشاش ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. پەقەت ئادەم ئەمگەكنىڭ قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com
تور كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

سەزگەندىلا، ئەمگەككە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق قىزىقىشنى باشقا قىزىقىش بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، ساياھەت قىلىش، تەنھەرىكەت، دەم ئېلىش، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىدىن ھوزۇر ئېلىشتەك قىزىقىشلار بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

## 78

ئەمگەككە بولغان قىزىقىشقا ئاسانلىقچە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بۇ خۇددى بوۋاق تولغاق ئازابى ئارقىلىقلا تۇغۇلىدىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەمگەككە قىزىقىشقا يېتىدىغان يول تۇپتۇز ئەمەس، ئۇنىڭ چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن تاغقا چىققۇچى تەنھەرىكەتچىلەردەك قەيسەر ئىرادە بولۇشى كېرەك.

## 79

تىك يار ۋە قىيالارغا چىقىش ھېچقانچە قىزىقارلىق ئەمەس، بىراق ئادەم ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىش، ئۆزىنىڭ شان — شەرەپ ۋە ئىززەت — ھۆرمىتىنى تىكلەش ئۈچۈن، بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر.

## 80

مائارىپچىلارنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە باشقىلار ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشنىڭ چەكسىز خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت؛ ئۆز — ئۆزىنى تەربىيىلەش يولىغا قەدەم تاشلىغان كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمگەك

ئارقىلىق مۇشۇنداق خۇشاللىقنى ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

## 81

ھەقىقىي ئادەم جاپا ــ مۇشەققەتلىك ئورۇندىن كېلىدۇ؛ تەر بىلەن سۇغىرىلغان زېمىندىن كېلىدۇ؛ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھەمدە بۇ غەلىبىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئېپتىخارلىنىدىغان ئورۇندىن كېلىدۇ.

## 82

ياش ــ ئۆسمۈرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن ئالدىنقى ئون يىلىنى ئەسلىگىنىدە، ئۇلار ئۆز قولى بىلەن تىككەن كۆچەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بۈك ــ باراقسان بولغانلىقىنى، تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن تەكلەرنىڭ ئاسماق ــ ئاسماق ئۈزۈملەر بىلەن تولغانلىقىنى، تەر ئاققۇزۇپ ئاچقان بوز يەرنىڭ بۇغدايلار دولقۇنلاپ تۇرغان مۇنبەت ئېتىزلارغا ئايلانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، مۇنداق ياش ــ ئۆسمۈرلەر ئۆزلىرى كىيىپ كونىرىتىۋەتكەن كالاچلىرىنى دەرەخلەر ئارىسىغا خالىغانچە چۆرۈۋەتمەيدۇ، كىتابلارنى يىرتىۋەتمەيدۇ، لاي ــ تۇپىلارغا كۆمۈلۈپ قالغان، داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر ــ تەسەكلەرنى ياكى يەرگە چېچىلىپ قالغان خىمىيىۋى ئوغۇتنى كۆرگەندە ئىچى تىت ــ تىت بولماي تۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئومۇمنىڭ مال ــ مۈلكى ئۆزىنىڭ شەخسىي بۇيۇملىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتلىك، چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇ يالغۇز شەخسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى خەلققە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ.

## 83

جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق ئېرىشكەن خۇشاللىق — ۋىجداننى تەربىيىلەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ. ئەگەر ئۇبرازلىقراق قىلىپ ئېيتساق، ۋىجدان — ئېتىقادنىڭ ھېسسىيات قاراۋۇلى.

## 84

بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كىشىلەرنى بالىلىق دەۋردىن باشلاپ ئۆز قەلبىدە ئۆز قاراۋۇلىنى تۇرغۇزىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم.

## 85

ناۋادا، سەن ئەمگەكنىڭ قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولساڭ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇڭدا بۇ خىل قىزىقىشنى تېپىشنى شەخسىي بەخت — سائادىتىڭگە ئېرىشىشتىكى ئەڭ مۇھىم شەرت دەپ قارىغان بولساڭ، ئۇ ھالدا بۇ قاراۋۇل سېنىڭ قەلبىڭنى ھوشيارلىق بىلەن بوشاشماي قوغدايدۇ.

## 86

سەن ئۆزۈڭنى تەربىيىلىگىن، شۇنداقلا كەلگۈسىدە ئۆز پەرزەنتلىرىڭنى ياخشى تەربىيىلەشكە تەييارلانغىن.

## 87

بالىلىقىڭىدىكى ئالتۇن دەۋرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ، قايتا تولۇقلىۋالغىلى بولمايدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، بالىلىق دەۋرىڭدە ئاققۇزغان ھەربىر تامچە تەر چوڭ بولغاندىن كېيىن نەچچە كۈنلەپ قىلغان جىددىي ئەمگىكىڭگە تېتىيدۇ.

## 88

بالىلىق دەۋردە تېرىپ ئۆستۈرگەن ھەربىر قېتىملىق ئاشلىق مەنە جەھەتتىن تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئالتۇن رەڭلىك بۇغدايلارغا باراۋەر كېلىدۇ، مۇنبەت بولۇق ئېتىزلارغا باراۋەر كېلىدۇ، بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كۆپلەپ ئەجىر قىلغان ئەمگىكىگە باراۋەر كېلىدۇ.

## 89

قىيىنچىلىق ئۇستىدىن غەلىبە قىلمىغان، ئېغىر بېسىمغا ئۇچرىمىغان كىشى ھەقىقىي ئادەم بولالمايدۇ.

## 90

مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، كىشىنىڭ ياشلىق باھارى ھەرخىل قىيىنچىلىقلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشى كېرەك، پەقەت مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ كوممۇنىزم قۇرۇش غايىمىزنى ھەربىر ئادەم بىلەلەيدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ ھەمدە ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز نىشانى بولۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



قالىدۇ.

91

سەن تاشلىق چىغىر يولدا مېڭىپ يۇقىرىغا چىقىشنىڭ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى قانچىكى ھېس قىلساڭ، ئەمگەكنى قەدىرلەشنىڭ قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى شۇنچە بىلىسەن، تۇرمۇشنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى شۇنچە چوڭقۇر تونۇيسەن.

92

روھىي قۇرۇقلۇق ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن باشلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ باسقۇچتا خاتىرىلەش بىلەن يادلاش مۇلاھىزە قىلىشتىن كۆپ بولىدۇ.

93

بىلىمنى كىشىلەر ئىلگىگە ئۆتكۈزۈش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يۈكسەك گۈزەل ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش، مېنىڭ قارىشىمچە، ئادەتتىكى مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەر تەربىيىسىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ۋەزىپە.

94

سەن مۇنەۋۋەر ئىنژېنېر بولۇشنى خالاۋاتىسەن، بۇ ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى، ئالدى بىلەن بىر ھەقىقىي ئادەم بولۇش كېرەك.

## 95

ياشلارغا قارىتا ئىجتىمائىي پەن تەربىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى — ئۇلاردا مىجەز ــ خۇلق، گۈزەللىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش، نازۇك ھەم گۈزەل ھېسسىياتنى يېتىلدۈرۈش، كىشىلەرگە قىزغىن، كۆيۈمچان بولىدىغان مىجەزنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

## 96

قەلبى قۇرۇقلۇقتىن ساقلىنىش، مەنىۋى ھەۋەسنىڭ كەملىكىدىن ساقلىنىش باشقىلارنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى ھەربىر ياشنىڭ ئۆز ئىشى.

## 97

سەن دۇنيانى بىلگەن ۋاقتىڭدا، ئىلمىي ھەقىقەتنى ئۆزۈڭ بىلەن، ئۆز تەقدىرىڭ بىلەن، ئۆز خاراكتېرىڭ بىلەن بىرلەشتۈرەلىسەڭلا، كوممۇنىستىك ئىدىيە ئاندىن ساڭا نىسبەتەن يۈكسەك، مۇقەددەس بولىدۇ.

## 98

ئەتراپتىكى دۇنيانى بىلىشتىن مەقسەت ئىنسانىيەتكە بەخت ــ سائادەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



99

ئىنسانپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئۆز ــ ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ مەزمۇنى.

100

ئۆزىنى ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈش بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش. بەش يىل جاپا چېكىپ ئىنژېنېر يېتىلدۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشكە بىر ئۆمۈر كېتىدۇ. ئۆزىنى كىشىلىك قەلبكە ئىگە قىلىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك.

101

گۈزەللىك ئۆز ــ ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى. مەن دەۋاتقان گۈزەللىك — كەڭ مەنىدىكى گۈزەللىك، ئۇ سەنئەت، مۇزىكا، كىشىلەرگە بولغان سەممىي پوزىتسىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

102

ئىرادىنى يېتىلدۈرۈش ئۆز ــ ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم تەرىپى.

103

ئىرادە — ئۆز ــ ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ نەتىجىسى.

## 104

ئۆز ــ ئۆزىنى تەربىيىلەش ئۆز ــ ئۆزىنى بىلىشتىن باشلىنىدۇ.

## 105

ياشلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ قىيىن ئىش ئۆزىنى سىرتتىن كۆزىتىش، ئەڭ غايىلىك، قەھرىمانلىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئۆزىنى كۆزىتىشتىن ئىبارەت.

## 106

ئەگەر سەن بۇ ۋەتەننى قوغداش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلغان تىرىك مەشئەللەرنى كۆرەلىگەن بولساڭ، ئۇ سېنىڭ پۈتكۈل ئىچكى دۇنيايىڭنى يورۇتۇپ، ئەڭ يوشۇرۇن بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلارنى تېپىپ چىقىشىڭغا ياردەم بەرگەن بولاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە بولغان مۇشۇ ئارىلىقتا، سەن مەنىۋى جەھەتتە گۈزەل ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلىسەن، ۋەتەن ئۈچۈن بىرەر ئىشنى قىلىشنى ئۈمىد قىلىسەن، ئۇلۇغۋار يۈكسەك ئىشلارغا قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلىسەن.

## 107

كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىتنىڭ ئۇلۇغ مەنىۋى كۈچىنى قەدىرلەش كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى



108

سەن ھەقىقىي ئادەملەر تەرپلەنگەن كىتابلارنى ئوقۇپ باقىن.

109

سەن ۋەتەننى قوغدايدىغان جەڭچى بولۇپ قالىسەن، بىلىشىڭ كېرەككى، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ۋەتەن، سۆيۈملۈك خەلق، سۆيۈملۈك دۆلەت. ئارىمىزدىن بىرەر كىشى كەم بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ۋەتەن ئاۋۋالقىدەكلا مەزمۇت تۇرۇۋېرىدۇ؛ لېكىن ئارىمىزدىن بىرەر كىشى ۋەتەندىن ئايرىلىدىكەن، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

110

ئۆز — ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى — ئۆزىنى باتۇر، قورقماس ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

111

ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش — ئەڭ پاك، ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ نازاكەتلىك، ئەڭ رەھىمسىز، ئەڭ ئىللىق، ئەڭ ئېغىر بىرخىل ھېسسىيات.

## 112

ۋەتەننى ھەقىقىي قىزغىن سۆيىدىغان كىشى ھەممىلا جەھەتتىن ھەقىقىي ئادەمدۇر...

## 113

ئادەم ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز چېنىقتۇرۇپ، ئۆزىدە ئىنسان تەبىئىتىنى يېتىلدۇرۇشى كېرەك، ئالدى بىلەن ئالاھىدە سەزگۈر بولۇپ، يالغان سۆز ھەم رەزىللىكنى پەرق ئېتەلەيدىغان، ئالدامچىلىق ھەم كىشىلىك ئىززەت — ھۆرمەتنى ھاقارەتلەيدىغان قىلمىشلارنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە، پەقەت پەرق ئېتىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، سەزگۈر بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: سېنىڭ ئالدىڭدا كىشىنى ھاقارەت قىلىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەرسە، سەن كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالساڭ، ئۇنى كىچىك ئىش دەپ قارىساڭ، ئۇ ھالدا ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا، ئەتراپىڭدا سادىر بولۇۋاتقان بارلىق ئىشلار كۆزۈڭگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ كۆرمەسكە سالىسەن، ئاڭلىساڭمۇ ئاڭلىماسقا سالىسەن. شۇڭا، ئۆزىنى ئۆزى چېنىقتۇرۇپ ۋە ئىنچىكىلەپ قاراش خاراكتېرىنى يېتىلدۇرۇش كېرەك.

## 114

گۈزەللىك ئىنسان تەبىئىتىنى چېنىقتۇرىدۇ. بىرئادەم بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا گۈزەللىك تەربىيىسىنى ئالسا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بولۇپمۇ بەزى ياخشى كىتابلارنى ئوقۇسا، بارلىق گۈزەل شەيئىلەردىن تەسىرلىنىشكە ۋە تولۇق بەھرە ئېلىشقا ماھىر بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى باغرى قاتتىق، رەھىمسىز، شەرمەندە، چاكىنا، شەھۋانىيپەرەسلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.

## 115

گۈزەللىك ئالدى بىلەن سەنئەت بۇيۇمى، ئۇ كىشىدە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرىدۇ. خاراكتېر ئىنچىكە بولغانسېرى كىشىنىڭ دۇنيانى بىلىشى شۇنچە ئۆتكۈر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ دۇنياغا قوشقان تۆھپىسىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

## 116

كىتاب — پايانسىز دېڭىز، كىتاب دېڭىزىدا بىردانە ياخشى كىتاب خۇددى يىراقتا كۆرۈنگەن ئارالغا ئوخشايدۇ. سەن ھەربىر ئارالغا چىققىن... بۇ دېڭىزدا نىشاندىن ئاسان ئاداشمايسەن، تېيىز ساھىلغىمۇ يولۇقمايسەن. سېرىق كىتابلاردىن ئۆزۈڭنى تارتقىن. بەزى كىتابلارنى كىشى ئۆز ھاياتىدا كۆپ قېتىم ئوقۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، ھەربىر قېتىم ئوقۇغاندا، كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى گۈزەللىك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولىدۇ.

## 117

سەن ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابلارنىڭ دائىرىسى يىلسايىن ئارتىپ بارىدۇ. بىراق، ئۇ كىتابلار ھەقىقەتەنمۇ قولۇڭدىن چۈشۈرۈشنى خالىمايدىغان ياخشى كىتابلار بولۇپ قالىدۇ.

## 118

مەن سېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان كىتابلىرىڭنى ھازىردىن باشلاپ يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇمۇ خۇددى گۈزەل شادىيانە مۇقاملاردىن يەنە بىر قېتىم ھۇزۇرلانغانغا ئوخشاش بولۇپ، ھېسسىياتنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

## 119

كىتاب — ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

## 120

بىر ياخشى كىتابنى قايتا ئوقۇش، شۈبھىسىزكى، قەدىناس دوستنى قايتا يوقلىغان بىلەن باراۋەر.

## 121

كىتاب ئوقۇش مېخانىك جەريان ئەمەس، بەلكى بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

خىل ئىجادىيەت. كىتابتىن پايدىلىق تەربىيە ئېلىش، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىلىز قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.

## 122

ئۆز ھېسسىيات دائىرىسىنى يېتىلدۈرۈش — زامانىمىزدا، بولۇپمۇ ياشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن جىددىي بىر مەسىلە. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئىنسان ھاياتى ئاساسەن مۇستەقىل كۈچى ھەممىدە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرسالىق، رەھىمسىزلىك قاتارلىق قوپال تەبىئىتى تەرپىدىن بەلگىلىنىپ كەلگەن.

## 123

ھەر بىر ياش ئەڭ مۇھىمى شۇنى ئېسىدە تۇتۇشى كېرەككى، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتىكى قۇرۇقلۇقىنى ۋارقىراپ ـ جارقىراش، ياۋۇز ۋە ۋەھشىيلىشىشتەك قوپال ھېسسىيات بىلەن تولدۇرماسلىقى لازىم.

## 124

كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ئاڭسىزلىق ئىچىدە بىر خىل ئىقتىدار — ھايۋانلاردا بولىدىغان ۋەھىملىك روھىي ھالەت، ياۋۇز ـ ۋەھشىيلىك ۋە رەھىمسىزلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

## 125

بىر ئادەمدە مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيىلىنىش، ئەقىل ــ ئىدراك ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى قانچىكى كەم بولسا، ئىقتىدار شۇنچە ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ ــ دە، باشقىلاردا بۇ ئادەم قوپال ۋە ئەدەپسىز ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ؛ بىر كىشى ئۆزىنىڭ تۇغرىلىقىنى تېخىمۇ ياخشى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالغان ۋاقىتىدا يا چورتلا قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاشقا تېگىشلىك ھېچنېمە قالمىدى دەيدۇ (ئادەتتە، ھېسسىياتقا باي، مەنىۋى مەدەنىيەتلىك كىشى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ) ياكى ۋارقىراپ ــ جارقىراپ كېتىدۇ، «تەبىئىي ئىقتىدارى بويىچە قارشى تۇرۇش» ئارقىلىق ئىدىيىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقنى تولدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

## 126

نېرۋا سىستېمىسى ۋە ھېسسىيات مەيلى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى قەدىرلەش كېرەك.

## 127

ھېسسىيات ئىدىيىنى يۇكسەك قىلالايدۇ، بىراق ھەقىقىي ئىنسان ھېسسىياتى ئىدىيىدىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



128

ھېسسىيات ئەدىيەدىن كېلىدۇ، ئەدىيە ھېسسىياتنى جانلاندۇرىدۇ، ھېسسىيات ئەدىيە ئىچىدە بولىدۇ. مول ئەدىيە ئىنساننى كىشىلىك مەنىۋى دۇنياسىدىكى مۇستەقىل كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرنى ئالىيجاناب پائالىيەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

129

نەپىس ھېسسىياتنى قانداق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟ ئالدى بىلەن، ئۆزۈڭنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقىنىڭنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېسىڭدىن چىقارما. سەن بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىۋاتقانلارنىڭ ئۆزگىچە غېمى، ئەندىشىسى، ئەدىيىسى ۋە تەسىراتى بولىدىغانلىقىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەستىن چىقارما. سەن بىلەن بىرلىكتە ياشاۋاتقان ۋە ئەمگەك قىلىۋاتقان ھەربىر كىشىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەن. قارىغاندا، بۇ، كىشىلەردىكى ئەڭ چوڭ ماھارەت بولسا كېرەك. نەپىس ھېسسىياتنى پەقەت كوللېكتىپ ئىچىدە، ئەتراپىڭدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان ئۈزلۈكسىز مەنىۋى ئالماشتۇرۇش ئىچىدىلا يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ.

130

ھېسسىياتنى ئەقلىي كۈچ ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىغا تولغان سەمىمىي دوستلۇق ئىچىدىن باشقا يەردە تېخىمۇ

ياخشى چېنىقتۇرغىلى ۋە تاۋلىغىلى بولمايدۇ.

## 131

ھېسسىياتنى دوستلۇق ئىچىدە يېتىلدۈرۈش كېرەك. دوستلۇق ئەتراپىڭىزدىكى ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر تەبىئىتىگە بولغان نەپىس ھېسسىياتنى يېتىلدۈرۈشۈڭگە ياردەم بېرىدۇ.

## 132

كىشى روھىنى بېيىتىدىغان، كىشىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدار ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ۋە كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرەلەيدىغان ھەقىقىي دوستلۇق نېمىگە موھتاج؟ سىنىڭ روھىڭنىڭ مول بولۇشىغا موھتاج. سەن دوستلىرىڭغا ياردەم قىلغان ۋاقتىڭدىلا، روھىڭ مول بولالايدۇ. بىر يېڭى كوللېكتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئايدىلا يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇپ بولالايمەن دەپ تەمە قىلما، لېكىن ھەقىقىي دوستلۇقنى ھامان ئورناتقىلى بولىدۇ. سەن ئۇلار بىلەن ئىدىيە، ھېسسىيات، خۇشاللىق ۋە قايغۇڭنى ئالماشتۇرغىن.

## 133

دوست بولۇش — ئالدى بىلەن كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىتىنى بەلگىلەشتىن دېرەك بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



134

تەربىيىنىڭ ماھىيىتى دەل ئۆزىدىكى ھايۋان تەبىئىتىنى يېڭىش ۋە ئادەمگە خاس ھەممە تەبىئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

135

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى — كوممۇنىزم تەربىيىسى كۆرۈش ۋە يېتىلىش.

136

ھايۋان تەبىئىتى — بارلىق ھاياتلىق ۋە گۈزەل شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىش كەم بولۇش، باشقىلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بىلەن قىلچە كارى بولماسلىق.

137

سىنىڭمۇ كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىڭ بولىدۇ، ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۇلارنىڭ ئەخلاق – پەزىلىتى ۋە كىشىلەرگە تۇتىدىغان مۇئامىلىسى ھامان ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئۇچارقاناتلارغا، گۈل – گىياھلارغا، دەل – دەرەخلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسىگە باغلىق بولىدۇ.

138

ياشلار ئۆز تىلى ئارقىلىق ئەڭ مۇرەككەپ ئىدىيىنى

ئىپادىلەشكە ئىنتىلىدۇ، بۇ ياخشى ئەھۋال.

## 139

مۇتلەق ئەركىنلىك بولمايدۇ، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

## 140

جىنس، ئەخلاق، مىجەز ــ خۇلق جەھەتلەردە، مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى مۇتلەق ئەركىنلىك ئىدىيىسى ئىنتايىن زىيانلىق. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ جەھەتلىرىدە، ئەركىنلىك ئالدى بىلەن ئەڭ زور مەسئۇلىيەتچانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

## 141

ئوقۇغۇچىدا ئۆگىنىشنى ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن ياخشى قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، لېكىن ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

## 142

ئەڭ مۇھىم مەسىلە، كىشىنىڭ ئۆزىدىكى ئىرادە ۋە ئۆز ــ ئۆزىنى تۇتۇشىدىن ئىبارەت. ئۈچ نەرسىنى سەزگۈرلۈك بىلەن پەرق ئېتىش كېرەك: بولىدۇ، بولمايدۇ، بولۇشى كېرەك. ئومۇمەن مۇشۇ ئۈچ نەرسىنى پەرق ئېتەلىگەن كىشى بىر پۇقرادا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

ئالاھىدىلىككە — مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. مەجبۇرىيەت — ھەرىكەت ئەركىنلىكى، يۈكسەك ئىدىيىنىڭ ئىلھامىغا ئېرىشكەن كىشىنىڭ يولى — مەن دەل مۇشۇ يولدا ھەرىكەت قىلىمەن.

## 143

مەجبۇرىيەت ئۆتەش ھەرگىز كىشىنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنى بوغۇپ قويمايدۇ. مەجبۇرىيەت ۋە ۋىجداندىن ئىبارەت ئەخلاق ۋە پەزىلەت ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى.

## 144

ۋەتەن — مېھرىبان ھەم قاتتىق تەلەپچان ئانا. ناۋادا، ئۇنىڭ پەرزەنتى يارامىلىق كىشى بولمىسا — ھۇرۇن، رەھىم ـ شەپقەتسىز، سەمىمىيەتسىز بولسا، ئانا نەقەدەر ئازابلىنىدۇ ـ ھە! سەن ئەگەر ھەقىقىي ئادەم بولمىساڭ، ۋەتەن خۇددى ئۆز ئاناڭدەك ئازابلىنىدۇ. سېنىڭ ھاياتىڭ ۋە ئەمگىكىڭ ۋەتەننى سەن ئۈچۈن پەخىرلىنىدىغان قىلسۇن. ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇشۇڭ كېرەك.

## 145

ئۆز پېشقەدەملىرىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك. ئۇلار ۋەتەننىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قولغا

كەلتۈرگەن، ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلدۇرغان، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن، دۇنيانى فاشىزمدىن قۇتۇلدۇرغان جەڭچىلەر.

## 146

ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتلىرىنىڭ نامى سېنىڭ بايلىقىڭ، سېنىڭ ئىپتىخارىڭ.

## 147

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى — ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەخت — سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان قەھرىمانلىرى بولىدۇ.

## 148

مۇھەببەتتىكى ئەخلاق پاكلىقى ئىنسان روھىنىڭ بىر ئەينىكى.

## 149

بىر ئادەم ئەخلاق تەبىئىتى جەھەتتە ئىپلاس بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ رەزىل، يىرگىنچلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى پۇقرا، سەمىمىي ئەمگەكچى ۋە دۇرۇس ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



## 150

بىر ئادەم جىنسىي ھەۋەس پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، قەلب گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇشى، باشقىلارغا نىسبەتەن يۈكسەك ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتچانلىقتا بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىلا، يۇختا، ھەقىقىي مۇھەببەت بولىدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت ئەقلىنى ھېسسىياتقا يارەملەشتۈرەلەيدۇ، ھېسسىياتقا ئەخلاق ئىقتىدارىنى كىرگۈزەلەيدۇ، ئىچكى پائالىيەتنى ئەخلاق جەھەتتە يۈكسەكلىككە يۈزلەندۈرىدۇ. ھەرگىز ھېسسىياتنى كۆزى كىچىك ۋە ئارىسالدىلىقنىڭ دامىغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ. ئادەمنى سۆيگۈنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك ياخشىلىق ئەكەلگەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان قىلىدۇ. ھېسسىيات ۋە ئىدىيە ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان ئەخلاق مەسئۇلىيەتچانلىقى بولۇپ شەكىللەنگەندىلا، مۇھەببەت ئالىيجاناب مۇھەببەت بولىدۇ.

## 151

ئەگەر پەرزەنتلەر بوزۇق بولسا، جەمئىيەت ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دادىسىدىن، سىز نېمە ئۈچۈن ئىجتىمائىي مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلمىدىڭىز؟ دەپ سوراشقا ھوقۇقلۇق.

## 152

ھەربىر پۇقرانىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىجتىمائىي

مەجبۇرىيىتى ۋەتەن ئۈچۈن ھەقىقىي ئادەم يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

## 153

ھەقىقىي مۇھەببەت ئۆمۈر بويى غايەت زور، مۇقەددەس مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سەن ئەگەر ئۆز ھېسسىياتىڭنى يوقىتىۋېتىشنى خالىمىساڭ، مەنىۋى جەھەتتە چۈشكۈنلىشىشنى خالىمىساڭ، ئۇنداقتا تۇنجى قېتىملىق ئىشقى ھەۋەسكە تېز پۈكمىگىن. مەلۇم ئەخلاق مەجبۇرىيىتى ئۆز زىممەڭگە يۈكلىگەن كىشىنى سۆيسەڭ ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنسەڭ بولىدۇ. چۈنكى، سەن ئۇنىڭ ئېرى بولىدۇڭ، پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئاتىسى بولىدۇڭ. مېنىڭچە، بۇنىڭدىن باشقا مۇھەببەت، جىملىدىن ھېسسىياتقا بېرىلىپ ھاسىل قىلغان مۇھەببەت، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىزدەپ تاپقان مۇھەببەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەخلاقتا بۇزۇلغانلىقتۇر.

## 154

مۇھەببەت ئالدى بىلەن سېنىڭ سۆيگۈنۈڭنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا بولغان مەسئۇلىيەتنى زىممەڭگە ئالغانلىقىڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەببەتنى دەستەك قىلىپ ئەيش ـ ئىشرەت قىلماقچى بولغانلار شەھۋانىيپەرەسلەردۇر، چۈشكۈنلەشكۈچىلەردۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



155

مۇھەببەت ئالدى بىلەن بەخشەندە قىلىشتىن، ئۆزىنىڭ مەنىۋى كۈچ ــ قۇۋۋىتىنى سۆيگىنىگە بەخشەندە قىلىشتىن، ئۇنىڭغا بەخت ــ سائادەت يارىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

156

ئەر ــ خوتۇننىڭ ئۆز ھاياتىدا ئەخلاق جەھەتتە پاك بولۇشى يىگىت ــ قىزلارنىڭ نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق، مۇنداق مۇناسىۋەت ئەخلاق تەبىئىتى ئامىللىرىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىغا باغلىق.

157

مۇھەببەت جەھەتتە، «تەجرىبىلىك»، «سالاھىيەتلىك» بولۇش ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىش. ئاشىق ــ مەشۇقلارنىڭ نىكاھلىنىشتىن بۇرۇنقى پەزىلەت مۇناسىۋىتى قانچىلىك پاك ۋە ئالىيجاناب بولسا، يىگىتلەر — كەلگۈسىدە ئەر بولغۇچىلارنىڭ ئەخلاق مەجبۇرىيەتچانلىقىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئاياللارغا بولغان ئەخلاق مەجبۇرىيەتچانلىق، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق يىگىتلەرنى ئەزىمەت يىگىت قىلىپ چىقىدۇ.

## 158

پاك مۇھەببەت ياشلارنى ساغلام يېتىلدۈرىدۇ؛ شاللاق مۇھەببەت، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بولغان مۇھەببەت ئۇلارنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ.

## 159

مۇھەببەتلەشكۈچىلەر ئارىسىدىكى مەنىۋى مۇئامىلىنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقى — بىر – بىرىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ئۆزئارا تولۇقلاشتىن؛ يېڭى ئەخلاق – پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنى تەدرىجىي تونۇپ يېتىش ھەم ئۆزلۈكسىز سىڭدۈرۈپ بېرىشتىن؛ مۇھەببەتلەشكۈچىلەر ئارىسىدا بىر – بىرىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئىشتىياق بىلەن قوبۇل قىلىشتىن، شۇنداقلا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

## 160

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن گويا يېڭى گۈزەللىك توختىماي تەپچىپ تۇرىدۇ، ئىچكى دۇنياسىنىڭ موللۇقى كىشىلەرنىڭ كۆز نۇرى ئىپادىلەيدىغان كۆپلىگەن نەپىس ھېسسىياتلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مۇنداق ھېسسىيات كەم بولسا، تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا سەن مەپتۇن بولغان سىرتقى گۈزەللىكمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەدرىجىي غۇۋالىشىپ، جەزىبە كۈچىنى يوقىتىدۇ. سىرتقى

www.uyghurkitap.com
ئويغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



گۈزەللىككە مەستانە بولغان مۇھەببەت ھۆسن ــ جامال ۋە
قىلىقنى ئالمىغان. گۈزەللىككە دىگەندىن ئالدۇراش كەلگەن بولۇش
مۇقەررەر ھالدا ئۇمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ، «مىجەز
كېلىشەلمەسلىك»كە ئېلىپ بارىدۇ ــ دە، بۇزۇلىدۇ.

## 161

ئېسىڭدە بولسۇنكى، خاسلا «مۇھەببەت ئىلمى»يوق،
لېكىن ئىنسان تەبىئىتى ئىلمى بار. بۇ پەندىن ئەقەللىي
بىلىم ئىگىلىگەن كىشىلا، باشقىلار بىلەن ئەخلاق
تەبىئىتى جەھەتتىن ئالىيجاناب مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ.

## 162

مۇھەببەت — ئىنسان تەبىئىتىگە نىسبەتەن ئەڭ
قاتتىق سىناق.

## 163

مۇھەببەتلەشكۈچىلەر ئارىسىدىكى جىسمانىي
بىرلىشىش، ئەخلاقىي جەھەتتىن چۈشەندۈرگەندە، مەنىۋى
جەھەتتىكى بىرلىشىشتۇر: ئۇلار بىر ــ بىرىنى ھۆرمەت
قىلىشىدۇ، ئۆمۈر بويى بىللە بولۇشقا، جاپا ــ مۇشەققەتنى
تەڭ تارتىشقا نىيەت قىلىشقان بولىدۇ. بىلگىنكى،
نىكاھلىنىشتىن بۇرۇنقى جىنسىي ئالاقە قىلىشىلىشقا
بېرىلگەن يىگىتتىن ئىچكى دۇنياسى مول، ئەقىللىق،
كۆڭلى تۈز قىزلار ئىنتايىن قاتتىق خورلىنىش ۋە

غەزەپلىنىش ھېس قىلىدۇ.

## 164

ياشلارنىڭ ئەڭ بەختلىك پەيتى، دەل ئۇلارنىڭ پاك ۋە غايىلىك مۇھەببەتكە ئىگە بولغان پەيتى. ئىچكى دۇنياسى مول كىشىلەر ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مۇشۇنداق مۇھەببەتنى ساقلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ناۋادا، ئوخشاش شان – شەرەپ تۇيغۇسى ۋە غۇرۇرى بار ئىككى ياش مۇھەببەتلەشسە، ئۇلار ئۆزئۆزىغىچە جىنسىي ئالاقە چېكىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلاردا مۇنداق ھەۋەس يوق دېگەنلىك ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا مەلۇمكى، مەنىۋى جەھەتتىن بىرلىشىش بولماي تۇرۇپ، جىسمانىي جەھەتتىن بىرلىشىش ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇلار مەنىۋى جەھەتتىن يېقىنلىشىپ، غايىلىك مۇھەببەت باسقۇچىنى ناھايىتى ئۇزارتىپ، ھەتتا مەقسەتلىك مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭدىن زور بەخت ھېس قىلىدۇ.

## 165

بىر كىشىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئىپادىسى ھامان ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەخلاقىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## 166

ھەرقانداق قانۇنمۇ قەلبى باغلانمىغان مۇھەببەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇزاق ساقلىيالمايدۇ.

## 167

كىشىلەر توي قىلىشى بىلەنلا، پەقەت قانۇنىي ۋە ماددىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپلا قالماي، مەنىۋى مەسئۇلىيەتنىمۇ زىممىسىگە ئالىدۇ.

## 168

جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى ئائىلە مۇناسىۋىتىگە باغلىق.

## 169

مەنىۋى تۇرمۇش مول بولغان مۇھەببەتلا ئائىلىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

## 170

ياشلار توي قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئۆز مۇھەببىتىنىڭ ئىجادچىسى بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ مۇھەببەت خۇشاللىقىنىڭ ھەسەتخورلىرىدىن بولماسلىقى كېرەك. توي قىلغاندىن كېيىن يارىتىدىغىنى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىشى كېرەك. ناۋادا، مەنىۋى بايلىق دائىم جۇغلانمىسا، جىسمانىي جەھەتتىكى بىرلىشىش يۇكسەك دەرىجىگە يېتەلمەيدۇ... ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا، توساتتىن ئەر ۋە ئايال ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتىنى تامامەن خورىتىۋېتىدىغان، ھەتتا يولدىشىغا

ھېچقانداق يېگىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان، ئائىلىدىكى تۇرمۇشقا ھېچقانداق يېڭى شەيئى قوشالمايدىغان ئەھۋاللار سادىر بولىدۇ. مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا، قىسقا ۋاقىت ئايرىلىش ئېغىر كەلگەن بولسا، توي قىلغاندىن كېيىن، ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالماي، ئائىلە تۇرمۇشى دوزاخقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئالدى بىلەن پەرزەنتلەر ئۇنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ.

## 171

مۇكەممەل پۇقرا بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈش، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز — بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ناۋادا سەندە ئائىلە قۇرۇش ئىستىكى بولسا، پۇقرالىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالامسەن - يوق، ئۆزۈڭنى راۋۇرۇس دەڭسەپ باققىن. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېسىڭدە بولسۇنكى، مۇھەببەت باغلاش دېگەنلىك، بالا ـ چاقىلىق بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ.

## 172

مەنىۋى بايلىق يارىتىشقا ماھىر كىشىلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىملىق مۇھەببەت بولمايدۇ، پەقەت بىردىنبىر مۇھەببەت بولىدۇ.

## 173

ئەگەر سەن ھەقىقىي ئادەم بولىدىكەنسەن، سەن ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يولدىشىغا مەنىۋى بايلىق يارىتىپ بېرىشكە ماھىر بولىدىكەنسەن، كۆپ يىللار ياخشى ئۆتۈپ سۆيگەن ئادىمىڭنى ئەمدى سۆيمە دېيىش، ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايدۇ.

## 174

ھەقىقىي مۇھەببەت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاجىزلىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. مەن ئۆز قەلبىمنى ئۆزۈم قىزغىن سۆيگەن ئادىمىمگە ئاتىسام، ئۇمۇ ئۆز قەلبىدىكى گۈزەللىك ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ماڭا ئاتايدۇ. بىز بىر نىيەتتە ھەمدەم بولۇپ، قايتا ياراتقىلى بولمايدىغان بايلىقنى يارىتىمىز. بۇ بايلىق بىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز، ئەقىل ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن بىر ــ بىرىمىزنى تولۇقلىشىمىز، ئوغۇل ــ قىزلار ۋە ئائىلىنىڭ شان ــ شەرىپى ھەم غۇرۇرى، ئەنئەنە، كەچۈرمىشلەرنى ئەسلەش، لىرىكىلىق گۈزەل ياشلىق باھارى ھەمدە ياشلىق دەۋردىكى پاك ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىز قالدۇرىدۇ ھەمدە يېڭىۋاشتىن يېڭى تۇرمۇشنى باشلىغان ۋاقىتتا، قەلبىدىكى جاراھەتنى ئېچىشتۇرماي قويمايدۇ. ئەر ياكى ئايال ئۆز جورىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن يىللارغىچە، ھەتتا ئۆمۈر بويى ئۇنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

## 175

بىر ئادەمنىڭ ئۆز تەقدىرىنى قانداق ئادەم بىلەن

باغلىشى، ھەرگىزمۇ كارايىتى چاغلىق كىچىك ئىش ئەمەس. سەن ئۆزۈڭ بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا مۇئەييەن تەلەپ قويۇشۇڭ كېرەك.

## 176

ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان، ھەتتا ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان كىشىلەر ئارىسىدىمۇ نادان، مەنىۋى تەربىيە سىڭمىگەن ئادەملەر بار: ئەكسىچە ئاددىي ئىشچىلار ۋە كولخوز ئەزالىرى ئىچىدىمۇ، مەدەنىيەت تەربىيىلىنىشى ناھايىتى يۇقىرى كىشىلەر بار.

## 177

بەزى كىشىلەر ئازاب — ئوقۇبەت بولمىغان، قايغۇ — ھەسرەت بولمىغان، قەلب جاراھىتى بولمىغان تۇرمۇشنى قۇرالايدۇ، كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ دۇنيالىق بەخت — سائادەتنى يارىتالايدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، سەن ئۆز تەقدىرىڭ ۋە بەخت — سائادىتىڭنىڭ ياراتقۇچىسى.

## 178

دوستلۇق — كىشىلەر ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرىدىغان مەكتەپ، بىزنىڭ دوستلۇققا موھتاج بولۇشىمىز ھەرگىز ئۇ ئارقىلىق ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەردە، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە گۈزەل ئەخلاق — پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. مېنىڭچە، ئەخلاق

ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئويغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تەربىيىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپى، ھەربىر ئادەمنى ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەزگىلىدىن باشلاپلا كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب روھىنى چىن كۆڭلىدىن مەدھىيىلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانغا، ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۈزەللىككە بولغان ئىشەنچنى بەلگىلەيدۇ. ناۋادا، مۇشۇنداق ئىشەنچ كەم بولسا، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى قۇرۇق بولۇپ، تۇرمۇشتا يولۇققان كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقمۇ ئۇلارنى نارازى بولۇپ غۇدۇرايدىغان، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىغان قىلىپ قويىدۇ. كىشىلەر قەلبىنىڭ قۇرۇقلۇقى دېگىنىمىز، بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق شەيئىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 179

روھىي جەھەتتىن قۇرۇق، غېرىبانە بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر نۇقسان. قەلبى قۇرۇق كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي دوستى بولمايدۇ، ئۇ دوستلۇق ئىچىدىكى ئىنسان تەبىئىتىنى سېزەلمەيدۇ.

## 180

تۇرمۇش ماڭا شۇنى ئىشەندۇردىكى، بىر ئادەم ناۋادا ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەزگىلىدىلا بىر خىل ئەخلاق غايىسىدىن ئىلھاملانسا، ناۋادا ئۇ نېمىنىڭ توغرا ئادەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنسە ، ئۇنداقتا دوستلۇق ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بېيىتىدۇ. دوستلۇق ئۇنىڭغا نىسبەتەن

ئېتىقاندا، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش سورۇنى بولۇپ قالىدۇ.

## 181

ھەقىقىي ئەزىمەت بولۇش ئۈچۈن، ياشلىق مەزگىلىدىن باشلاپلا دوستلۇقتىكى مول مەنىۋى دۇنيانى سېزىشى كېرەك. سېنىڭ مۇھەببىتىڭنىڭ پاكلىقى، كەلگۈسى ئائىلەڭنىڭ بەخت ــ سائادەتلىك بولۇشىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## 182

دوستلۇقسىز مۇھەببەت — يۈزەكى مۇھەببەتتۇر. ناۋادا، يىگىت ئالدى بىلەن قىزنى ھەقىقىي ئادەم سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلسا، ئۇنداقتا بۇ خىل يۈكسەك دوستلۇقمۇ مۇھەببەتكە ئوخشاش گۈزەل بولىدۇ.

## 183

روھىي بىردەكلىكنى مۇھەببەت ــ جىنسىي ھەۋەس دېگەن قاراش ئۈستىگە قۇرماقچى بولغان كىشىلەر، دەرۋەقە، مۇھەببەتنى قەدىرلىمەيدۇ. ئۇلار ھەدەپ ھەننىۋا مەنىۋى تۇرمۇشنى سۆيۈش ۋە كۈنداشلىق قىلىش دەپ قارىشىدۇ. ناۋادا، مۇھەببەتتە ئالىيجاناب مەنىۋى تۇرمۇش كەمچىل بولىدىكەن، ئورتاق غايىگە ئىنتىلىش بولمايدىكەن، ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان دوستلۇق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولمايدىكەن، ئۇ پەقەت بىر خىل ھېسسىيات لەززىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 184

ناۋادا، بەخت ــ سائادەت پەقەت مۇھەببەتتىنلا ئىبارەت قىلىپ قويۇلسا، تۇرمۇش دوزاختا ئوخشاپ قالىدۇ.

## 185

بەخت ــ سائادەت ئەگەر جىنسىي ھەۋەس ئۈستىگە تۇرغۇزۇلىدىكەن، بۇ، ھايۋانلارنىڭ موھتاجلىقى بولۇپ، بۇ، ئادەمنى دۆت ۋە شاللاق قىلىپ قويىدۇ.

## 186

مۇھەببەتنى ئادەمنىڭ مەردانە ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئادەم ئەخلاقنىڭ يۈكسەك باسقۇچىغا يېتىشى كېرەك. ئالدى بىلەن، يۈكسەك تۇرمۇش مەقسىتىنى تىكلەش، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش كېرەك.

## 187

يۈكسەك مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەش ھەقىقىي ھاياجانغا ئايلانغاندا، ئىشقى ھەۋەس مەقسەت بولۇشتىن قالىدۇ، يولدىشىڭىزمۇ ئورتاق كۈرەشتىكى سەپداشقا ئايلىنىدۇ. ئىشقى ھەۋەس مەقسەت بولۇشتىن قالغاندا، ئادەم تېخىمۇ ئالىيجاناب بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ

ئىدىيىسى ئىشقى ھەۋەستىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شەخسىي بەخت ــ سائادەت ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ــ سائادىتى دائىرىسىنى مۇشۇنداق چۈشىنىش كىشىلىك ئىززەت ــ ھۆرمىتىگە قىلچىمۇ نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ. كىشىنى ئازابقا سالمايدۇ. ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۈستۈرىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە پۈتكۈل تۇرمۇشنى يۈكسەك مەنىۋى ئېھتىياج بىلەن تولۇقلاش ئارزۇسى ئويغانغان بولىدۇ.

## 188

شەخسىي بەخت ــ سائادەت بىلەن ئىنسانىيەت بەخت ــ سائادىتىنىڭ بىرەكلىكىنى توغرا چۈشىنىش بەزى ئەرزىمەس تالاش ــ تارتىشلار ۋە ئىناقسىزلىق تەرەققىياتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان «پاجىئە»نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۇرمۇشنى بەختسىزلىككە ئۇچراشتىن ساقلاپ قالالايدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان بۇنداق «پاجىئە»لەر داۋاملىق چىلىقىپ تۇرىدۇ. ياش ئەر ــ خوتۇنلار ئارىسىدا «قاتمال ۋەزىيەت» ۋە «ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەت»لەر دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلساق، كۆپىنچىسى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە كىچىك ماكان قۇرغانلىقىدىن بولغان. روشەنكى، ئۇلار بۇ ئۆزئارا ئىشىنىدىغان كىچىك ماكاندا ھە دېسىلا تۇمشۇقىغا يەپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا ئالىيجاناب روھ كەمچىل. بەزى ياش ئەر ــ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خوتۇنلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھەببەتلا بار. ئۇلار ھەردائىم بەزى ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن بىر ــ بىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشىپ ياكى ئازار بېرىشىپ، بىر نەچچە ھەپتىگىچە گەپ ــ سۆز قىلىشمايدۇ. مۇشۇنچىلىك ئۇششاق ــ چۈششەك ئىشلار بىلەن ئۇز قەلبىنى زىيدە قىلىدۇ، بەزىدە ھەتتا قەستەن ئوت ئۈستىگە ماي قۇيۇپ، ئىشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ «پاجىئە»گە ئىككى تەرەپ خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن «كۆز قارىشىمىز ئوخشاش بولمىدى»، «مىجەزىمىز كېلىشمىدى» دېگەندەك سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ كىشىلەردە مەنىۋى پىسخىك مۇئامىلە شەرتلىرى زادىلا ھازىرلانمىغان. شەخسىي بەخت ــ سائادەتنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەشتىن ئىلگىرى توي قىلماسلىق كېرەك.

## 189

ناۋادا، بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ھېچقانداق يۈكسەك مەقسەت بولمىسا، چېۋىننى پىل دېسە، كىچىك ئىشنى «دۇنيادىكى چوڭ ئىش» دېسە، ئۇ چۈشكۈنلىشىپ قانداق بولۇپ قالار ــ ھە؟ ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ مۇشەققەتلىك مەسئۇلىيەت — ھەر قانداق ۋاقىتتا «ئادەم»لىكنى يوقىتىپ قويماسلىق، مەڭگۈ «ئادەم» بولۇشتىن ئىبارەت.

## 190

ئاياللارغا تۇتۇلغان پوزىتسىيە — ئەخلاقنى ئۆلچەيدىغان

بىر خىل ئۆلچەم.

## 191

ئاياللارغا يولسىزلىق قىلغان كىشى ھەممىگىلا يولسىزلىق قىلىدۇ.

## 192

ئاياللىق گۈزەللىكى ئىنسانىيەت گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسى. بۇ گۈزەللىك ئىچىدە يېڭى ھاياتلىقنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، گۈزەل شەيئىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقى، چېچەكلىگەنلىكى ۋە بۇ چېچەكلەرنىڭ تولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 193

ئاياللار — تۇرمۇشنىڭ ئىپادىلىگۈچىسى ۋە ئىجادچىسى، ئۇلاردا ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئەڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ھېسسىياتى بار. ئاياللارنى ھۆرمەت قىلىش — تۇرمۇشنى ھۆرمەت قىلغانلىق.

## 194

قەلب گۈزەللىكى بىلەن ھۆسن ـ تۇرق گۈزەللىكى مۇجەسسەملەشكەن ھەقىقىي ئاياللىق گۈزەللىكى ئەمگەكچى خەلق ئىچىدە مەيدانغا كېلىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارىشىچە، ئاياللىق گۈزەللىكى گۈزەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن باشقا يەنە، ئاياللارنىڭ ئاجىزلىقىنى ئۆز ئىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئېلىشى كېرەك. بۇ خىل ئاجىزلىق ئايالالارنى ئەرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشىشتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىدۇ.

## 195

ئايالىلىق گۈزەللىكى بارغانسېرى پۈتكۈل ئىنسانىيەت گۈزەللىكىنىڭ غوجىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ناۋادا، ئايالالار يېڭى تۇرمۇش شەكىللىنىشىدە ئۆزلىرىنىڭ ئويناۋاتقان ئالاھىدە رولىنى چۈشەنسە ۋە قەدىرلىسە، ئۇلارنىڭ گۈزەل بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. كۆپلىگەن قىزلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى گەۋدىلىك گۈزەل ئەمەس، شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلارنىڭ كۆچى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلاردا ئايالىلىق گۈزەللىكى بولغىنى ئۈچۈندۇر. ئالدى بىلەن مۇشۇنداق ئايالىلىق گۈزەللىكنى كۆرۈشكە ۋە قەدىرلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

## 196

ئايالىلىق گۈزەللىكى — ئەخلاق پاكلىقى ۋە پەزىلەت يۈكسەكلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى گەۋدىلىنىشى، ئالىيجاناب گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى گەۋدىلىنىشى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئەرلەر بىلەن بولىدىغان بارلىق ئېتىكا مۇناسىۋىتىگە پاك ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئەرلەرنىڭ بۇ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بارلىق يوشۇرۇن تەرەپلىرىگە ھۆرمەت قىلماسلىقى ئالىيجاناب ئەخلاقلىق ئايالالارنى زور دەرىجىدە ھاقارەتلىگەنلىكى

بولىدۇ.

## 197

ئاياللار ئانا بولغاندىن كېيىن، ئاياللىق گۈزەللىكى خۇددى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان گۈلدەك بارلىق كۈچى ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئەرنىڭ ئەخلاقى قانچىكى ئالىيجاناب بولسا، ئايالنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇرغاندا جارى قىلىدىغان رولى شۇنچە زور بولىدۇ، ئايال ئۆزىنىڭ ئاياللىق گۈزەللىكىنى چېۋەرلىك بىلەن ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ شۇ ئائىلىدىكى ئەخلاقىي ئابرۇيىنى كۈچەيتەلەيدۇ.

## 198

بەختلىك بىر ئائىلىدە، ئايال هامان ئەخلاقىنىڭ يېتەكچىسى ۋە غوجىسى بولىدۇ، ئەر كىشى ئۆز ئايالىنىڭ ئىرادىسىگە قانچىكى بويسۇنسا، پەرزەنتلەرنى شۇنچىكى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

## 199

ئاياللىق گۈزەللىكى — ئاياللارنىڭ بىر خىل مەنىۋى كۈچى. ئۇ پەقەت پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشنىڭلا كۈچى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەر بولغۇچىنى تەربىيىلەشنىڭمۇ كۈچى.

## 200

ئاياللارنىڭ نازۇكلۇقىنى ياقتۇرۇشىمىز ئەجەبلىنەرلىك

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەمەس. لېكىن، نازۇكلۇق بىلەن غايەت زور مەنىۋى كۈچ بىرلىكتە مەۋجۇت بولغاندىلا، بۇ ئالاھىدىلىكنى ئارتۇقچىلىق دېيىشكە بولىدۇ. ئاياللىق گۈزەللىكنىڭ جەزبە كۈچى مۇشۇنداق بىرلىشىشتە بولىدۇ. ئائىلىنى باشقۇرۇشتا، پەرزەنتلەرنى ۋە ئەرنى تەربىيىلەشتە، ئايالنىڭ ئىرادىسىنىڭ قەتئىي بولۇشى، باشتىن ــ ئاخىر بىرخىل بولۇشى، سۆز ــ ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولۇشى ئايالنىڭ ياخشى ئائىلە شەرىپىنى تىكلەشتە يېتەكچىلىك رول ئوينىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## 201

ناۋادا، بولغۇسى ئايالىڭ سىزنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلسا ۋە ئېتىراپ قىلسا، بۇ ياخشى ئىش ئەمەس... ئايالنىڭ گۈزەللىكىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئايال ئەقلىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق، ئۇنىڭ ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك رامكىدىن قانچىلىك ئۇزاپ كېتىشىگە باغلىق، ئەقىللىق ئەر بارلىق كۈچى بىلەن ئۆز ئايالىنى مول مەنىۋى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ، ئايالىنى ئائىلىدىكى مەنىۋى تۇرمۇشتا باراۋەر ئورۇنغا، ھەتتا ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

## 202

ناۋادا، ئايال ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئەخلاقىي ئابرۇيىنى تىكلەشكە ماھىر

بولسا، ئۇنىڭ ئاياللىق گۈزەللىكى ئاشىدۇ، ئەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئالاھىدە زور جەزىبە كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭ شەھلا كۆزى ۋە ھۆسن ــ جامالى ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ كىشىنىڭ قەلب تارىلىرىنى چېكىدىغان كۈچىنى ۋە ئىچ ــ ئىچىدىن بەرق ئۇرۇپ تۇرغان مەنىۋى گۈزەللىكنى يوقاتمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقىل ــ پاراسىتىنى، مەنىۋى تەرەققىياتىنى ئېرىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ۋاستە قىلىدۇ.

## 203

سەن بولغۇسى ئايالىڭنىڭ ئىزچىل تۈردە بىردىنبىر سۆيۈملۈك بولۇشىنى ئۈمىد قىلساڭ، ئۆز تۇرمۇشۇڭدا ئايالىڭنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ تۇرۇشۇڭ كېرەك.

## 204

ئىنسان — ئالىيجاناب گۈزەللىكنىڭ نامايەندىسى، ئاياللىق گۈزەللىكى — ئىنسانىيەت گۈزەللىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى.

## 205

ئاياللىق گۈزەللىكنى ھەرگىزمۇ جىنسىي ئىقتىدار پەيدا قىلغان ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ قانداقتۇر جىنسىي تەلەپتىن ئايرىلمايدىغان ھالەتمۇ ئەمەس.

كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com



## 206

كىشىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكى بىزنىڭ گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمىگە بولغان تونۇشىمىزنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ گۈزەللىكى — پەقەت ئىنسانشۇناسلىقتا ئېيتىلغان بەدەن ئەزالىرىنىڭ بېجىرىم بولۇشىنىلا كۆرسەتمەيدۇ، شۇنداقلا پەقەت بەدەننىڭ ساغلام ــ گۈزەل بولۇشىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بۇ، ئىچكى ئالىيجاناب روھنىڭ ئىپادىلىنىشى، يەنى ئىچكى دۇنياسى ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر، ئەخلاق ــ پەزىلەت ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، شۇنىڭدەك كەمتەر بولۇش روھىغا تولغان بولۇشى كېرەك.

## 207

ئىنساننىڭ كۆزى ھامان كىشىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى يىغىنچاقلايدۇ، ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەمنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى ۋە ئادەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئىچكى مەنىۋى دۇنياسىنىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىشىمۇ شۇنچە روشەن بولىدۇ.

## 208

ئىچكى گۈزەللىك بىلەن سىرتقى گۈزەللىكنىڭ بىرلىكى— كىشىلەرنىڭ ئەخلاق، غۇرۇرىنىڭ گۈزەللىك ئىپادىسى.

## 209

ئادەم گۈزەللىككە ئىنتىلگەندە كۆپ ھاللاردا سىرتقى گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ. قاراش بىلەنلا ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنسە، بۇنىڭ يامىنى يوق، بىراق مېنىڭچە (سېنىڭ قانداق قارايدىغانلىقى نامەلۇم)، مۇنداق ئارزۇغا ئەخلاق ئۆلچىمى قوشۇلسا، ئۇ مۇكەممەل بولىدۇ. مۇنداق ئەخلاق ئۆلچىمى ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئىنسانىيەت گۈزەللىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىگە باغلىق.

## 210

كىشىنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئۆزى قىزغىن سۆيگەن پائالىيەت بىلەن، ئۇنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ خاراكتېرىدە بولۇشقا تېگىشلىك خاسلىق تەكىتلەنگەن مەلۇم ياخشى پەزىلەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان چاغدىلا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

## 211

ئىجادىيەتنى قانداق ئېلىپ بېرىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان قىزنىڭ گۈزەللىكى لاغايلاپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان قىزغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ گۈزەل، كۆپ مەنىلىك. لاغايلاپ يۈرۈش — گۈزەللىكنىڭ چوڭ دۈشمىنى. ئەمگەكچان كىشى — كومبايىنچى، تراكتورچى، ئۇچقۇچى، باغۋەنلەرلا ھەقىقىي گۈزەلدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئويغۇر كىتاب تورى
ئويغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 212

ئىچكى مەنىۋى گۈزەللىك ئەقىلگە مەدەت بېرىلگەندە ۋە ئىجادىيەت مېۋىسىنىڭ نۇرى چېچىلغاندا، ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر، كەشپىياتچىنىڭ يۈزىدە ئەقىل ــ پاراسەت نۇرلىرىنى جىلۋىلەندۈرىدۇ.

## 213

ناۋادا، سەن گۈزەل بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەمگەك قىل، ھەتتا ئۆزۈڭنىڭ بىر ئىجادىيەتچى بولۇپ قالغانلىقىڭنى، ماھىر بولۇپ قالغانلىقىڭنى ھېس قىل، ھەتتا سېنىڭ كۆزۈڭ كىشىنىڭ ئەڭ زور بەختى — ئىجادىيەت بەختىدىن تەسىرلىنىپ ھاياجانلىق نۇرلىرىنى تۆكسۇن.

## 214

گۈزەللىك — ئىلھامنىڭ جورىسى.

## 215

سىرتقى گۈزەللىكنىڭ ئىچكى ئەخلاق مەنبەسى بار. كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ئىجادىيەت كىشىنى گۈزەل قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەقى ــ تۇرقىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۇنى كۆركەم ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە باي قىلىدۇ.

## 216

قىيىنچىلىق — ئادەتتە كىشىلەر ئېيتىدىغان «ئىجادىيەت جاپاسى» مۇ گۈزەللىكنى يارىتالايدۇ. خۇددى قايغۇ ـ ھەسرەتلىك كىشىلەرنىڭ يۈزىنى قورۇقلار قاپلىغاندەك، «ئىجادىيەت جاپاسى» كىشىلەرنىڭ سىيماسىنى كۆركەم قىلىدىغان ئەڭ چېۋەر ۋە ئەڭ مەلىكىلىك ھەيكەلتىراش. ئەكسىچە، روھىي سۇنۇقلۇقمۇ كىشىلەرنىڭ چىرايىنى سۇرلۇق ۋە سۇس قىلىپ قويىدۇ.

## 217

ئىچكى مەنىۋى موللۇق ئىنسان گۈزەللىكىنى يارىتىدىكەن، ئۇنداقتا ھېچ ئىش قىلماسلىق مۇنداق گۈزەللىكنى بەربات قىلىۋېتىدۇ، ئەخلاقسىز قىلمىشلار بولسا تېخىمۇ شۇنداق. سەن چوڭ بىر كوللېكتىپتىكى نۇرغۇنلىغان ياشلار بىلەن ئۇچراشقاندا، كۆپلىگەن ئوچۇق تونۇش چىرايلار ئىچىدە سېنىڭ ھېچقانداق دىققەت ـ ئېتىبارىڭنى قوزغىمايدىغان بەزى چىرايلارنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئوبرازى تۇتۇق بولۇپ، سەندە پەقەت ئانچە ئېنىق بولمىغان غۇۋا تەسىرات قالدۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، روھىي قۇرۇقلۇقمۇ كىشىنىڭ ئوبرازىنى غۇۋا قىلىپ قويىدۇ.

## 218

ئەخلاقسىز قىلمىشلار كىشىلەرنىڭ چىرايىنى بەتبەشىرە قىلىپ قويىدۇ. يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرۇق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەردە تەدرىجىي يوسۇندا بىر خىل قاتمال تەلەتنى شەكىللەندۈرىدۇ: ئۇ باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزىدە ھەقىقىي ئىدىيە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ئىدىيىنى يوشۇرىدۇ. خۇشامەتگۆيلۇق، قولدەك خوش ــ خوش دەپ تۇرۇش كۆز ۋە چىرايدا كىچىككىنىشنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بارلىق قىلىقلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئىز قالدۇرىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولۇشى كېرەك، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى قەدىرلىشى كېرەك. بۇ، ئىنساننىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنىڭ مەنبەسى.

## 219

ئىنسانىيەت ئۆلچىمىنىڭ گۈزەللىكى ئەخلاقنىڭمۇ ئۆلچىمىدۇر.

## 220

ساغلام بەدەن، يۈكسەك ئەخلاق، ئالىيجاناب گۈزەللىك تۇيغۇسى — بۇلار دەل بىز ئادەتتە ھەر دائىم ئېيتىدىغان مۇۋاپىق ماسلاشقۇچىلاردۇر. ناۋادا، ئۇ كىشىنى گۈزەل قىلالمىسا ھەمدە كىشىنىڭ يۈكسەك ھېسسىياتلىرىدىن بىرى — مۇھەببەتنى گۈزەل قىلالمىسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىمۇ گۈزەل قىلالمايدۇ.

## 221

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى مىڭلىغان ــ ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر كىشىدە

ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىچكى گۈزەللىك چاقناپ تۇرسا، مۇشۇلا ئىنسانىيەت گۈزەللىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولىدۇ.

## 222

سەن — ئۆز مەنىۋى گۈزەللىكىڭنىڭ ياراتقۇچىسى، سېنىڭ گۈزەللىكىڭ ئۆز ئەتراپىڭدىكى بەزى كىشىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 223

بىلىش كېرەككى، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى كىشىلەرنى تەربىيىلەۋاتىدۇ!

## 224

ھەننىۋا ئىش كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسىگە باغلىق، تۇرمۇشنىڭ كىشىلەر قەلبىگە قايسى تەرەپتىن تەسىر كۆرسىتىشىگە باغلىق.

## 225

ئوغۇلدا كۆيۈمچانلىق ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك ئىدى. ۋەھالەنكى، تۇرمۇشتا بۇ ئىشلار ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئاددىي بولمايدۇ. بەزى ھاللاردا ئامراقلىقمۇ ئېغىر بەختسىزلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئويغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## 226

ئەگەر بىر كىشىنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس ئۇچقۇن بولمىسا، كىشىلەرنى بەخت ــ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئۇچقۇن، يەنى كىشىلەرگە قارىتا قىزغىنلىق بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇزىنى ئۆزى تەنھالىقنىڭ چوڭقۇر ھاڭىغا ئىتتىرىۋەتكەن بولىدۇ.

## 227

ئەگەر بىر كىشى كەيپ ــ ساپاغا بېرىلىشنى بىردىنبىر بەخت ــ سائادەت دەپ قارىسا، كىشى بىلەن كىشى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت پەقەت باشقىلارغا يۆلىنىپ جان بېقىش بولۇپ قالسا، بىر پۇقرانى سەممىي قەلبكە ۋە كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلىدىغان قەلبكە ئىگە قىلىپ يېتىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

## 228

ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش — ئىككى شىددەتلىك ئېقىم بىرلىشىپ ھاسىل قىلغان ھەيۋەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك دەرياسىدۇر.

## 229

ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، سىنىڭ ھاياتىڭدا شۇنداق بىر چاغ كېلىدۇ، ئۇ سەندىن بىر پۇقرانىڭ قەھرىمانلىقى ۋە قەيسەرلىكىنى كۆرسىتىشنى ھەمدە ئۆزۈڭنىڭ پۈتكۈل

ئەقىل ــ پاراسىتىڭنى ۋە كۈچ ــ قۇۋۋىتىڭنى تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ: سەندىن تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەقدىردىن بىرىنى تاللىۋېلىشىڭنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، خۇشال ــ خۇراملىق ۋە بەخت ــ سائادەت، يەنە بىرى، غايەت زور جاپا ــ مۇشەققەت، ھەتتا خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە بەخت ــ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزۈڭنى قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت.

## 230

ئەگەر قەلبىڭ چىرىيدىكەن، سەن چوقۇم ھېچقانداق قىممىتىڭ بولمىغان ھالدا جان تالىشىپ ياشايسەن.

## 231

سەن كىشىلەرگە خۇشاللىق ئەكەلسەڭ، بۇ سېنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقىڭ بولىدۇ.

## 232

ئادەم بالىلىق ۋاقتىدا ئەڭ زور خۇشاللىقنى — كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش خۇشاللىقىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ.

## 233

بىزنىڭ پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ چوڭ باغچىسىدا، مىڭلىغان ــ ئون مىڭلىغان ياۋا نوقۇت چېچەكلىرى قانچە چىرايلىق ئېچىلسا، لويلا ياكى ئىتياگىنقى كۆزگە شۇنچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەت كۆرۈنىدۇ. ئادەمنى كۆڭۈلسىزلىككە سېلىپ، ئۇلار نەدىن ئۆسۈپ قالىدىكىن. لىويلا ياكى ئىتياشقىنى گۈللۈكتىن يۇلۇۋەتكىلى ياكى يۆتكىۋەتكىلى بولىدۇ. بىراق، ئادەمنى جەمئىيەتنىڭ سىرتىغا چۆرۈۋەتكىلى بولمايدۇ. كۆڭۈل قويۇپ ئىتياشقىنى قايتا ئۆستۈرمەسلىكىمىز، مۇنبەت تۇپراققا چۈشكەن ھەر بىر تال ئۇرۇقتىن گۈزەل، چىرايلىق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

## 234

بەزىدە بىر ئادەم ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامان ئىش قىلىشنى ئۆگەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئادەتتە ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ رەزىل ئەبلەخلەردىن بولۇپ قالىدۇ.

## 235

ئەگەر بىر ئادەمگە ياخشى بولۇش ئۆگىتىلمىسە، يامان بولۇشمۇ ئۆگىتىلمىسە، ئۇ ھەقىقىي ئادەم بولالمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ كىچىك بىر تۆرەلمىسىنىڭ ھەقىقىي ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياخشى بولۇشنى ئۆگىتىش كېرەك.

## 236

بارلىق كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ — مەيلى مەكتەپ، كولخوز ياكى زاۋۇت،

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بولسۇن، ئەڭ مۇھىم خىزمىتى — ئادەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

## 237

ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تۇرمۇش تەربىيىسىنى يېتىلدۈرۈش، ھېسسىيات، پۇقرالىق مەجبۇرىيەت، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش مۇۋاپىق پائالىيەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك، مۇشۇ پائالىيەتلەردە ھەربىر ياش ئۆزىنى ئوچۇق كۆرۈشى، ئۆزىنى بىلىشى، ئۆز تەقدىرىنى ئويلىشى، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن تەخىرسىزلىنىشى ۋە غەم يېيىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشنى غايىگە بولغان ئىنتىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھەربىر ئادەمدە كۆرۈش نىشانى بولۇشى كېرەك.

## 238

ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەربىيە ۋەزىپىسى — دۇنيا قاراشنى شەكىللەندۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەقسەتچانلىقىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، بۇلار ئىقتىدار، پاراسەتنى ۋە ئۆتكۈر زېھىننى يېتىشتۈرۈشتىن باشلىنىدۇ.

## 239

ئىدىيىنى يىلتىز دېسەك، غايە يۇمران نوتا. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يوغىناپ كېتىشلەرنىڭ تەپەككۇر، پائالىيەت، ھەرىكەت، ھاياجان، قىزغىنلىق ۋە مۇنازىرە دەرىخى بولۇپ يېتىلىدۇ.

## 240

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى ئىچىدە، مۇنداق بىرخىل ئىنتايىن غەلىتە ئەھۋالنى كۆرگىلى بولىدۇ: كۆپچىلىك ھەممىنى سۆزلىشىدۇ، ھەتتا دۇنيا قاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە دائىر كۆڭلىدە ئويلىغان بەزى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىمۇ سۆزلىشىدۇ. پەقەت ئەقىل ـ پاراسەتنى تەربىيىلەشكە ئائىت مەسىلىگە سەل قارايدۇ. بىلىش كېرەككى، ھەممە ئىش دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ، ئۇ ھەممىنىڭ يىلتىزى.

## 241

تۆمۈر ئەسۋاب ئىشلىتىلمىسە، بارا ـ بارا داتلىشىپ قالىدۇ، توختام سۇ ئاسان سېسىپ قالىدۇ. كىشىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئىشلىتىلمىسە، بارغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىدۇ.

## 242

سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنىڭ ھەننىۋا ئىشلىرىڭلار ئۈستىدە ئىدىيىۋى تەھلىل ئېلىپ بېرىڭلار. بۇنىڭدا ھەم ئىدىيە سۆزلىنىدۇ، ھەم غايە سۆزلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى شەخسىي سېزىمدىن ئايرىلالمايدۇ.

## 243

تۇرمۇش تەجرىبىسى توغرىسىدىكى مۇنازىرىدە، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىنى خۇلاسىلەيدۇ. بۇنداق خۇلاسىلەش ئۆز ــ ئۆزىگە باھا بېرىشكە چېتىلماي قالمايدۇ. بۇنداق مۇھاكىمىنىڭ زور تەربىيىۋى ئەھمىيىتى دەل مانا مۇشۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇ.

## 244

ئۆز تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشتە، دىققەت ــ ئېتىبارىنى ئەمەلىي مەقسەتكە قارىتىش كېرەك. چۈنكى، سىلەرنىڭ بارلىق بىلىمىڭلار، بارلىق ئەقلىي ئەمگىكىڭلار مۇنداق ئەمەلىي مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش: ياخشى پۇقرا، ياخشى ئىجادكار، ھەقىقىي ئادەم بولۇش ئۈچۈن، مېڭىسى سەگەك، قەلبى پاك، قولى ماھىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن بولىدۇ.

## 245

سىلەر پىكىر قىلغاندا، يالغۇز ئەتراپىڭلاردىكى دۇنيانى بىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بۇ جەھەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قولغا كەلتۈرۈش، قوغداش بولۇشى كېرەك.

## 246

نۇرغۇن كىشىلەر نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەرنىڭ بىلگىلى بولىدىغان تەرىپى ۋە بىلگىلى بولمايدىغان تەرىپى بارلىقىغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يەنى مەڭگۈ بىلگىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان سىرلىق، تەبىئەتتىن ھالقىغان مەلۇم ھادىسىلەرنىڭ تېخى مەۋجۇتلۇقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە باشقا بىر خىل ئېتىقاد ۋە ئۈمىدنى تىكلەش، يەنى ئۇلارنى ئىنسانىنىڭ تونۇگۈن تېخى بىلىپ يېتەلمىگەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرى ۋە تەپەككۇر سىرىنى ھازىر بىر — بىرلەپ چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىغا ھەمدە بىلىش جەريانىدا، ئىنسان يەنە يېڭى چۈشەنچە بېرىش ۋە ئىزدىنىشكە تېگىشلىك بەزى پىكىرلەرگە ئۇزلۇكسىز يولۇقۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش؛ ئىنسان تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇرەككەپ سىرنىڭ سىرنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەڭ زور، مەڭگۈلۈك سىر — كىشىلىك ھاياتنىڭ سىرىنى ئىگىلىۋالالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش كېرەك. بۇ، ئەقلىنىڭ غەلىبىسىنى، ئىنسان غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەقىقىي كۆرەش.

## 247

سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان تەجرىبەڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى قوراللاندۇرۇڭلار. ئۇ چاغدا سىلەردە مۇنازىرىلىشىدىغان نەرسە بولىدۇ. مۇھاكىمە قىلىدىغان نەرسە بولىدۇ.

## 248

سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭلاردا مۇنداق بىر ئەڭ مۇھىم ئىلمىي ماتېرىيالىستىك ھەقىقەتنى

بەلگىلىۋېلىڭلار: بۇگۈن بىلىپ كېتەلمىگەن نەرسىلەرنى ئەتە بىلگىلى بولىدۇ.

## 249

مەنىۋى جەھەتتىكى ئوزۇقلىنىش قانچىكى مول بولسا، سىلەرنىڭ مۇنازىرەڭلار شۇنچە جىددىي بولىدۇ، سىلەرنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە بولغان بىلىشىڭلارمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ.

## 250

ئەگەر سىلەر تېخى بىلىپ يەتمىگەن شەيئىلەر ئۈستىدە ئويلانساڭلار، ھەقىقىي ئەقىللىق كىشىلەردىن بولۇپ قالىسىلەر.

## 251

ئەقىل ــ پاراسەت ئادەمنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ ۋاستىلىرىنى بىلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

## 252

ئەتراپىڭىدىكى كىشىلەر قانچىلىك ئەقىللىق بولسىمۇ، سەن لاغايلاپ يۈرسەڭ، بىكار ۋاقىت ئۆتكۈزسەڭ، ئۇنداقتا ئىنسانىيەت ئەقىل ــ پاراسىتىنىڭ ئۇزۇن شوتىسىغا بىر بالىداقمۇ چىقالمايسەن. ئەتراپىڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇنازىرە قانچىلىك قىزىقارلىق بولسىمۇ، مۇستەقىل ئويلىنىشنىڭ كېرەك، پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئەقىللىق بولالايسەن.

253

ئەقلىي ئەمگەكتە يەڭگىل ۋە ئەپلىك يولغا ئىنتىلىش، قىيىنچىلىق ئۇستىدە ئىزدىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئەھۋالى ناھايىتى ئاسان يۈز بېرىدۇ.

254

غايە بولمىسا، ئىلگىرىلەشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. غايە بولمىسا، ياشلارنىڭ خىيالىي پىكرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، خىيالىي پىكىر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ يۈكسەك قىزغىنلىقىنىڭ ئۇچقۇنىنى ياندۇرىدۇ. ناۋادا، سىلەر غايە مەسىلىسى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلساڭلار، ئىجادچانلىق ئىدىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ سىلەرنى زور مىقداردىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە نەزەر سېلىش ۋە ئۇنىڭدىن سىلەر قىممەتلىك دەپ تونۇغان نەرسىنى تېپىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭلار كۆرەلەيسىلەر.

255

ئەگەر سەن ۋاقتىڭنىڭ تولۇقراق بولۇشىنى ئويلىساڭ،

ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇغىن.

## 256

سىنىڭ ئوقۇغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئىلىم ــ پەن بىلەن شۇغۇللىنىشىڭدىكى بىلىم ئاساسى. ئاساسىڭ قانچىكى پۇختا بولسا، ئۆگىنىشىڭ شۇنچە ئاسان بولىدۇ. سىنىڭ ھەركۈنى ئوقۇغان نەرسەڭ قانچە كۆپ بولسا، سىنىڭ ۋاقىت زاپىسىڭ شۇنچە يېتەرلىك بولىدۇ. چۈنكى، سىنىڭ ئوقۇغان نەرسىلىرىڭ ئىچىدە، سەن نۇرغۇن نۇقتىلارغا ئۇچرىشىسەن، بۇ نۇقتىلار سەن دەرسخانىدا ئۆگەنگەن ماتېرىياللار بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

## 257

ئۆزۈڭنى ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇشقا مەجبۇرلاشنى ئۆگىنىۋال. بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما. بۈگۈن تاشلىنىپ قالغان نەرسىنى ئەتە ھەرنېمە قىلىپمۇ تولۇقلىيالمايسەن.

## 258

ئەتىگەنلىك بىر يېرىم سائەت ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئەڭ مۇرەككەپ ئىجادىي ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغىن، نەزەرىيە جەھەتتىكى مەركىزىي مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلغىن، مەزمۇنى چوڭقۇر ئىلمىي ماقالىلەرنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغىن، مەخسۇس تېمىدىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

لىكسىيىلەرنى يازغىن. ئەقلىي ئەمگەكتە تەتقىقات تەركىبى بولسىلا، ئۇنى ئەتىگەنلىك ۋاقىتتا ئىشلىگىن.

## 259

ئۆزۈڭگە ئىچكى تۈرتكە يارىتىشقا ماھىر بولغىن.

## 260

كەلگۈسى ئۈچۈن ۋاقىت زاپىسى تۇرغۇزۇشقا ماھىر بولغىن.

## 261

زالىملىق قىلىپ كۆيۈنگەندىن، كۆيۈنمىگەن ئەلا.

## 262

كەلگۈسى ھازىرلا كوممۇنىستىك ئىنسان تەبىئىتى يۈكسەكلىكىگە يەتكەن كىشىلەرگە مەنسۇپ.

## 263

بالىلارغا كۆيۈنۈشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

## 264

رەھىمسىزلىك قىلىپ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىش، بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئەڭ چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك.

## 265

ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەقلىي ئەمگەكنى توختاتمىغىن، بىر كۈنمۇ توختاتمىغىن. يازدا كىتابنى تاشلاپ قويمىغىن، ھەر كۈنى بىلىمدىن ئىبارەت نەپىس بۇيۇم بىلەن ئۆزۈڭنى بېيىتىپ ماڭ. بۇ ئەقلىي ئەمگەككە زۆرۈر ۋاقىتنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى.

## 266

ۋەتەن ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت — ئىنسان ئۈچۈن مۇقەددەستۇر.

## 267

ۋەتەنپەرۋەرلىك — ۋىجدانىي ۋە نازاكەتلىك تۇيغۇدۇر... مۇقەددەس سۆزلەرنى ئېھتىيات بىلەن قىل، «ۋەتەنگە مۇھەببەت» توغرىسىدا كەلگەنلىكى يەردە سۆزلەۋەرمە. ئەڭ ياخشىسى، ۋەتەننىڭ روناق تېپىشى ۋە كۈچىيىشى يولىدا سەمىمىي ئەمگەك قىل.

## 268

كوللېكتىپ — قانداقتۇر ئېنىقسىز توپ ئەمەس، ئۇ ئۆز شەخسىيىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى بىرلەشتۈرگەن باي خەزىنىدۇر.

www.uyghurkitap.com
نۇر كىتاب تورىتى — ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى



## 269

جەمئىيەت بايلىقى ئۇنى تەشكىل قىلغان شەخسلەرنىڭ خىلمۇخىللىقىدىن تەركىب تاپىدۇ. چۈنكى، تەربىيىنىڭ ئالىي مەقسىتى ئىنساننىڭ ئۆزى.

## 270

ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى مەجبۇر قىلمىساڭ ۋە ئۆز ـ ئۆزۈڭگە تەلەپچان بولمىساڭ، يۈز نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ساڭا چېتىپ قويسىمۇ، بۇنىڭدىن ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ.

## 271

يېنىڭدىكى كىشىنى چۈشىنىشكە ماھىر بول، ئۇنىڭ قەلبىگە كىر، كۆزلىرىگە بېقىپ، ئىچكى ئالىمىنى، شادلىقىنى، قايغۇسىنى، بەختسىزلىكىنى، غەم ـ ئەلىمىنى كۆرۈشكە ماھىر بول.

## 272

باشقا كىشىلەرنىڭ دەخلىسىزلىكى، نازۇك ئار ـ نومۇسىنى ئاسرا، ئايا. ئادەملەرگە يامانلىق قىلما، رەنجىتمە، دىلىنى ئاغرىتما، تەشۋىش ۋە ئەندىشىگە سالما.

## 273

باشقىلارنى ھۆرمەت قىلغان ئادەملا ھۆرمەتكە لايىق.

## 274

ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىش، ئۆزىنى بەكمۇ يۇقىرى چاغلاپ، باشقىلارنى نەزەرگە ئىلماسلىق ئەڭ چوڭ نۇقساندۇر.

## 275

ئادەتتىكى ئادىمىيلىك بولمىسا، كوممۇنىستىك ئەخلاقمۇ بولمايدۇ.

## 276

باشقىلارنىڭ قايغۇسىنى ئۆز قايغۇسى دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنسان ھەممە، ھەممە جانلىقلار دۇنياسىغا قارىغاندا ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك بولىدۇ.

## 277

ئۆمرىنى باشقىلارنىڭ بەختى توغرىسىدا غەمخورلۇق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئەڭ ئاجايىپ ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ بەختىيار كىشىلەردۇر.

## 278

ئېتىقاد ئاكتىپ پائالىيەتتە نامايان بولۇشتىن سىرت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئويغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## 279

ناچار ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك. ئۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ناچار ئىللەتلەر بىلەن مۇرەسسە ـ مادارا قىلىش ئۆزىنى ئۆزى ئەخلاقسىز كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش دېمەكتۇر.

## 280

ھاياتتا ئەڭ قىممەتلىك — ئۇزاق يىللار داۋامىدا توختىماي ئەمگەك قىلىشنى بىلىش جاسارىتىدۇر. كەمچىلىكلەر ھەققىدە چوقان كۆتۈرۈش ئۇچۇنلا ئەقىللىق بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. سەپسەتە ۋە قۇرۇق سۆزلەر ھەقىقەتنى نەپرەتكە لايىق، قۇرۇق گەپ قىلىشتىن كۆرە ئىش قىلىش كېرەك.

## 281

ئوقۇش، ئۆگىنىشتە باتۇر، مەردانە بول. سېنىڭ قەدىر ـ قىممىتىڭ ئۆز ئىمكانىيىتىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئوقۇشۇڭدا. ئەر كىشىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى تەييارتاپ، پارازىت بولماسلىقتىدۇر. پىكىردە ھۇرۇن بولۇشتىن ھەزەر ئەيلە!

## 282

مۇزىكا — تەپەككۇرنىڭ قۇدرەتلىك مەنبەسى، مۇزىكىسىز تەربىيە بىلەن دەل مەنىدىكى ئەقلىي

كامالەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

## 283

تەربىيە ئىنسان قەدرىنى رۇسلىغىنىدەك، مۇزىكىمۇ ئىنسان قەلبىنى رۇسلايدۇ.

## 284

ئوقۇش — تەربىيە دەپ ئاتىلىدىغان گۈلنىڭ بىرلا يوپۇرمىقى، خالاس.

## 285

بىلىمنى ئۆز كۈچۈڭ بىلەن ئىگىلە، سەپدىشىڭنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىڭ نائىنسابلىق، دەرستىكى ۋەزىپىلەرنى مۇستەقىل ئورۇندىماسلىق تەييارتاپلىققا تاشلانغان بىرىنچى قەدەمدۇر.

## 286

جاھالەت ئەقىل ۋە تۇيغۇلار جەھەتتىكى مەجرۇھلۇقتۇر. ھازىر ئۇ بىر خىل ئەخلاقىي ئىللەتكە ئايلانماقتا.

## 287

سەپسەتىۋازلىق ۋە ۋايساشلاردىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئويلاڭ، ياخشىلىق ۋە ئادالەت تەنتەنىسى يولىدا قولىڭىزدىن كېلىدىغان بارلىق ئىشلارنى قىلىڭ.

ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئويغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 288

پېداگوگىك ئېتىقادىمىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى كىتابنىڭ تەربىيىۋى كۈچىگە چەكسىز ئىشىنىشىمدە. مەكتەپ — ئەڭ ئاۋۋال كىتاب دېمەكتۇر. تەربىيە — ئاۋۋال ياخشى سۆز، كىتاب — جانلىق ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەردىن ئىبارەت. كىتاب ـ قۇدرەتلىك قورال. دانا، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن يېزىلغان كىتاب كۆپىنچە ئىنسان تەقدىرىنى ھەل قىلىدۇ.

## 289

ئوقۇش — تەپەككۇر ۋە ئەقلىي كامالەت مەنبەلىرىدىن بىرى.

## 290

ئەخلاق جەھەتتىن مەدەنىيەتلىك كىشىلەر، ئاڭلىق ئەمگەكچىلەر كىتابقا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان ئائىلىدە ئۆسۈپ ۋايىغا يېتىدۇ.

## 291

سوتسىيالىستىك قانۇن، ئىنتىزام، تەرتىپ، تۇرمۇش نورمىلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى بىل. دۇنيادىكى ئەڭ ئىنسانپەرۋەر قانۇنلارغا ئىتائەت قىلىشنى بىلىش ئەركىنلىكنىڭ ئالىي ئىپادىسىدۇر.

## 292

ئەڭ قىيىن ئىش — يىللار بويى قىلىنىدىغان كۈندىلىك خىزمەتتىكى جاسارەتتۇر. ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەردلىك ئۆرنىكىنى تاپ، چېكىنىشنى ئويلىماي، ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭ.

## 293

ئەيىبىنى ھېس قىلىش — ئەدەپلىك ئادەمنىڭ ياخشى تۇيغۇسىدۇر. پەقەت تەلۋە ۋە تايىنى يوق تەنتەكلا ئۆز ئەيىبىنى چۈشەنمەيدۇ.

## 294

قىز بالىنى ھۆرمەت قىل، ئۇنىڭ نومۇسى ۋە شەرىپىنى، ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئاسرا. ساڭا يارىغان قىز — سېنىڭ بولغۇسى ئايالىڭ، بالىلىرىڭنىڭ ئانىسى. ئۇ — ياشاپ تۇرغانلىقىڭنىڭ كاپالىتى، ئۇ سېنى بالىلىرىڭ قىياپىتىدە يېڭىۋاشتىن دۇنياغا كەلتۈرىدۇ.

## 295

ئايالغا مۇناسىۋەت — نومۇس، شەرم - ھايا، ئەدەپ، ئالىيجانابلىقنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچىمى، رەھىمدىللىكنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالىي مەكتىپى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## 296

سۆيگۈ بابىدىكى مەنىۋى ئوزۇقلۇق ۋە قوپاللىق جەمئىيىتىمىزگە چوڭ زىيان سالىدۇ. سۆيگۈنى پەقەت ئىشرەت دەپ ئويلايدىغان ئادەم غەم- قايغۇ، بەختسىزلىك، كۆز يېشىدىن باشقا نېمە بېرىشى مۇمكىن.

## 297

قىزنى ئايال ئورنىدا سۆيۈشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئىنسان ئورنىدا سۆي.

## 298

سۆيگۈ ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ يېگانە تۇيغۇ، سۆيگۈ سىرلىرىنى چىڭ ساقلاڭ.

## 299

قىز بالا سۆيگۈدە ئاقىلانە تەلەپچان بولغىنى ياخشى. مۇھەببەت قايناق ھېس - تۇيغۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئەقىل، دىت خوجايىنلىق قىلىشى كېرەك.

## 300

قەيەردە ئاياللار، قىزلار قاتتىق قول، تەلەپچان بولسا، ئاشۇ يەردە ئۆسمۈرلەر ھەقىقي جىگەرلىك بولۇپ يېتىشىدۇ.

## 301

بارلىق مەۋجۇداتلار هايات كەچۈرىدۇ، كۆپىيىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ئەمما پەقەت ئادەمدىلا سۆيگۈ بولىدۇ. هالبۇكى، ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىن ئىپتىقاندا، پەقەت ئىنسانىي ئۇسۇل بىلەن سۆيىدىغان ئادەملا ئاندىن ئادەم هېسابلىنىدۇ. ئەگەر مۇهەببەتكە ماهىرلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمىغاندا، ئۇنى ئىنسانىي گۈزەللىكتىن ئىبارەت بۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئۇنى پەقەت ئادەم قاتارىدىلا كۆرۈشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئادەملىكتىن يىراق بىر خىل جانلىقتىنلا ئىبارەت، خالاس.

## 302

بىر ئادەم ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشلارنى — ئىلىپكتىر ئىستانسىسى، ئوردا ـ قەسىرلەرنى، ئالەم كېمىسى ۋە يادرو سۇ ئاستى كېمىسى ياساشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. لېكىن بىر ئادەم ھەقىقىي مۇهەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇنداقتا ئۇ مەڭگۈ ياۋايى ئادەم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ياۋايى ئادەم نادان هالەتتىكى ياۋايى ئادەمدىن نەچچە مىڭ ھەسسە خەۋپلىكتۇر.

## 303

مۇهەببەت — ئۇلۇغۋار ئەقىل ـ پاراسەتتۇر، ياش بىر ئەۋلادنىڭ ئۇنى قانچىلىك دەرىجىدە ئىگىلىشى ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش ئادرېسى



بەختىنى بەلگىلەيدۇ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى، گۈزەل ئەخلاقىي پاكلىقىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى بەلگىلەيدۇ.

## 304

مۇھەببەت بىر بىلەي تاش، ئۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى «سىلىق» لىغىلى بولىدۇ. مۇھەببەت يەنە ئىجتىمائىيلىقنىڭ يېتىلگەن ياكى يېتىلمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى.

## 305

ھەقىقىي مۇھەببەت ئالدى بىلەن ساپ دىل ۋە سەمىمىي بولۇشى، راستچىل، سادىق، پرىنسىپچان بولۇشى، ئالدامچىلىق ۋە ساختىلىقتا قىلچە باش ئەگمەسلىكى، ھەقىقەت ئۈچۈن ئايانماسلىقتا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى كېرەك.

## 306

ھەقىقىي مۇھەببەت ياخشى كۆرۈشۈشنىلا تەلەپ قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېنىق كۆرۈشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بىر ئادەم گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈنلا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىگە قانائەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى سۆيگەن

كىشىنىڭ ئۆز ئىدىيىسىنى قەدىرلىشىدۇر.

## 307

مۇھەببەتنىڭ يۈكسەك قىممىتى ئۇچۇن كۈرىشىش تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر.

## 308

مۇھەببەتنىڭ ئەخلاقىي كۈچى ئادەمنى ئالىيجانابلاشتۇرىدۇ، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەڭ گۈزەل پەزىلەت يېتىلدۈرىدۇ. ئادەمگەرچىلىك، كۈچلۈك ئىنسانىي تۇيغۇ، ھېسداشلىق، كىشىلىك غۇرۇرنى خورلايدىغان ئىشلارغا مۇرەسسەسىز قارشى تۇرىدىغان روھ ۋە ئۆزىنىڭ بارلىق مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرىتىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرۇش ئورتاق بەختىنى يارىتىدۇ، يەنى مېنىڭ بەختىم ۋە سۆيگۈنۈمنىڭ بەختىنى يارىتىدۇ.

## 309

تۇرمۇش تەجرىبەم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر ئادەم ئەگەر سۆيگىنى بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە ئوخشاش بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا بولالمىسا، ئۇنداقتا، ئىجتىمائىي غايىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدىمۇ ئەخلاقى مۇستەھكەم ئادەم بولالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## 310

مۇھەببەتلىشىش، توي قىلىش ۋە پەرزەنت كۆرۈش ئادەمنىڭ ئەركىنلىكىدىكى ئەڭ نەپىس ۋە ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ ئىپتىخارلىق ھەم ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ يوشۇرۇن ھەم ئەڭ ئاشكارا، شۇنداقلا ھەم ئاجىز بىر تەرەپ. كىمكى ئۆز مۇھەببىتىنى ئاقىلانە، ئوچۇق — يورۇق، ئالىيجانابلارچە ئىپادىلىيەلىسە، شۇ ھەقىقىي گۈزەل، ھەقىقىي ئەركىن بولالايدۇ. مۇھەببەتتىكى ئەقىلسىزلىق، تەربىيە كۆرمىگەنلىك، ئەخلاقى ناپاكلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

## 311

مەيلى پەزىلەتلىك، پاك، گۈزەل مۇھەببەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي تەرەققىياتىدىكى رولى ھەرقانچە چوڭ بولسۇن، ئۇنى ھەددىدىن تاشقىرى مۆلچەرلىگەندە ھامان ئېغىر خاتالىق سادىر بولىدۇ. مۇھەببەت تۇيغۇسى ئەخلاقىي تۇيغۇدىن ئۈستۈن بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئالىيجاناب ئەخلاق تۇپەيلىدىنلا ئادەم مۇھەببەتنىڭ پەزىلىتىدىن ۋە گۈزەللىكىدىن ھۇزۇر ئالالايدۇ.

## 312

يۈكسەك ئەخلاق ئاساسىدىكى مۇھەببەت سەممىيەتسىزلىك ۋە ساختىلىق بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئاشىق ــ مەشۇقلار ئۆز ھېسسىياتىنى ھەرقانچە يوشۇرسۇن

ۋە سۇنئىيلەشتۇرسۇن، ھامان چىنىپ قالىدۇ. بۇ يەردە يىغىنچاقلاش ئىقتىدارى ھەرقانچە زىرەك ئادەملەرنىمۇ بىسىپ چۈشىدۇ.

## 313

مۇھەببەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغىنى ساختىلىق. مۇھەببەتتە ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىغا قارىتا بىر خىل ساختىلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ئۆز تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئەڭ پاك ھېسسىياتى، يەنى مۇھەببەت بىلەن ھامان دۈشمەنلىشىپ تۇرىدۇ. مۇھەببەتتىن تۇغۇلغان ئەخلاقىي بۇرچ ئۆلچىمىنىڭ بىرى شۇكى، ئادەتتىكى ئاشىق ــ مەشۇقلارنى ئۆزئارا كۆڭۈل ئىزھار قىلدۇرۇپ، قارشى تەرەپكە مول ئىدىيەۋى ھېسسىيات ئاتا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. دېمەك، ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى يوشۇرۇش، ئوچۇق ــ يورۇق بولماسلىق شەخسىيەتچىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئەر ــ ئاياللارنىڭ ئەخلاقىي ئېستېتىك مۇناسىۋىتىدە شەخسىيەتچىلىك، ئۆزۈمچىلىكنىڭ تۈرلۈك پەرقى ۋە ئىپادىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئادەمنىڭ قەلبى بۇ خىل رەزىل ئادەتلەردىن تولىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ نەزىرىدە، سۆيگەن كىشىسى ئازاب ۋە خۇشاللىقىنى يوشۇرسا، ئىچكى سىرىنى تۆكۈپ سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، ئەخلاقىي جەھەتتىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
نۇر كىتاب

قوللاشــــنى رەت قىلــــسا، بۇلارنــــڭ ھەممىــــسى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 314

ئەگەر دوستلۇق جەريانىدا، كىشىلەر ئىجتىمائىي كەسپىتىكى ئورتاق نىشانغا يېتىشتە بىر – بىرىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا، ئۇنداقتا مۇھەببەتتە ئۇلار ئۆزئارا بىر – بىرىگە تەۋە بولىدۇ. ئۆزئارا تەۋە بولىدۇ دېگەنلىك، كىشىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بۇ خۇددى بىزنىڭ مال – مۈلۈككە ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرگە ئىگە بولغىنىمىزغا ئوخشاش ئۆزئارا ئەڭ يۈكسەك ئەخلاقىي بۇرچىنى ئۇستىگە ئېلىش لازىملىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## 315

ئەخلاقىي غايىسى روشەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھەببەت دەسلەپتىلا بىر خىل ھېسسىيات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل ئەخلاقىي بۇرچتۇر. بۇنداق كىشىلەر مۇھەببىتىنى قانچىكى ئوچۇق – يورۇق ۋە بىۋاسىتە ئىزھار قىلسا، ئۆز كۆڭلىدىكى كىشىنىڭ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشىنى شۇنچە ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار ئۇستىگە ئالغان ئەخلاقىي بۇرچىمۇ شۇنداق كۆپ بولىدۇ.

## 316

بىر ئادەمنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يۈكسەك بولغان

ھېسسىياتى مۇھەببەتنى ئەخلاقىي جەھەتتە يۈكسىلىشتىكى قورال قىلىشىمىز كېرەك.

## 317

شۇنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، مۇھەببەتنى دەپسەندە قىلىش — كىشىلىك قەدىر قىممىتىنى دەپسەندە قىلىشتۇر. مۇھەببەتتە ئەخلاقىي يۈكسەكلىكتىن پەقەت كىچىككىنە نىشان بولىدىكەن (بۇ خىل نىشان بولمىسا بىزمۇ ئادەم ھېسابلىنالمايمىز)، شۇندىلا ئادەم ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدۇ، ئۆزى گۈزەل دەپ بىلىدىغان ئادەم بولۇشقا تىرىشىدۇ.

## 318

مۇھەببەت دېگەنلىك، قارشى تەرەپنىڭ ھاياتىغا مەسئۇل بولۇش ئىرادىسى دېگەنلىكتۇر. بۇ نوقۇل «ياخشى كۆرۈش» بىلەن ئوخشاشمايدۇ.

## 319

ئىشەنچ چىن مۇھەببەت بىلەن قوشكېزەكتۇر. سۆيگىنىگە ئىشەنمەسلىك، گۇمانلىنىش ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكتۇر. ئۆز ۋىجدانى بىلەن سۆيگىنىنىڭ ۋىجدانى، ئارزۇسىنىڭ بىرىكەلمىگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەگەر كىشىلەر ئۆزئارا ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشسە، ئۇنداقتا

كىتاب تورىمىز
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئـۇلاردا گۇمانلىنىـدىغان ئـوي ـ پىكىـرلەر مـۇتلەق پەيـدا بولمايدۇ. مۇھەببەت ئالدى بىلەن ئۆزئارا ئىشىنىشتۇر.

## 320

مـۇھەببەت شـادلىقى مـاھىيەتتىن ئېلىـپ ئېيتقانـدا، شەخسىكە تەۋەدۇر. ئەگەر مېنىڭ بەختىم باشقىلارغا بەخـت يارىتىشى كېرەك دېگەننى ئۇنتـۇپ قالسا، ئەگەر مـۇھەببەتتە ئېرىشكىنى تەقدىم قىلغىنىدىن كـۆپ بولماسلىقى كېـرەك دېگەنـنى ئۇنتـۇپ قالـسا، مــۇھەببەت بەختــسىزلىككە، تراگېدىيىگە يۈزلىنىدۇ، تۇرمۇشنى ھالاك قىلىدۇ.

## 321

ھەقىقــي مــۇھەببەت — گــۈزەللىككە بولغــان زوقلىنىــشتىن دېــرەك بېرىــپ قالماســتىن، بەلكــى يەنە گۈزەللىكنى يارىتىشتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ.

## 322

مۇھەببەتلىــشىش ـــ بىــر خىــل غــايەت زور بەخــت. مۇھەببەتلىشىش بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشتىن لەززەت ئېلىـشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكـى ئالـدى بىـلەن ياخـشى كـۆرگەن ئادىمىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىشتۇر. بۇ خىل خاسىيەتلىك ھېســسىياتنىڭ ھەقىقــي يۈكــسەك تەرىپــى ئادەملەرنىــڭ باشقىلارغا بـۇ خىـل شـادلىق ئېلىـپ كېلىش ئارزۇسىنىڭ چوڭقۇر ياكى چوڭقۇر ئەمەسلىكىدە بىلىنىدۇ.

**مەجمۇئە ئىسمى:** مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى:** سۇخۇملىنىسكىي مۇنداق دەيدۇ
**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچى:** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** خاسىيەت ئىبراھىم
**مەسئۇل مۇھەررىر:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 32/1
**باسما تاۋىقى:** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى:** 51 مىڭ خەت
**نەشرى:** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—80744—443—5
**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)